
تۇرسۇن نىياز



# سوسەن چېچەكتان پەرىزات

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

تۇرسۇن نىياز

# سۇدىن چىققان پەرىزات

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مىرزاھىد كېرىمى



# بېغىشلىما

بىر قېتىم كەلدىم جاھانغا، كەلمىشىم يوقتۇر يەنە،
بۇ قەلەم سادىق ۋاپادار يولدىشىم بولدى ماڭا.
دېمىگىن: «بۇ بىر سىياغۇ»، ئۇ مېنىڭ ئامغان قېنىم،
شۇ قىزىل قاندىن يېزىلغان نەزمىنى سۇندۇم ساڭا.

## مۇندەرىجە


ناخشا ھەققىدە غەزەل ........................ 1
ئون يىلغا ئىتاب ........................ 2
ساۋاق ........................ 3
دۇۋانغا قاراپ ........................ 4
بەخت ........................ 6
ساختىدور ........................ 7
كادىر ھەققىدە مۇخەممەس ........................ 8
ياش بوغۇنلار ناخشىسى (چاتما شېئىرلار) ........................ 10
جىلغ سوراپ ........................ 15
شامال بىلەن تېرەك (مەسەل) ........................ 16
غىل - پال كەلگەن خىياللار ........................ 16
يۇلتۇز بىلەن سۆھبەت ........................ 17
«يىلتىزسىز چېچەك» (مەسەل) ........................ 19
سەھەر ........................ 20
شائىر ئۆلمەس ........................ 21
گۈل ۋە ئادەم ........................ 22
مەن ۋە چۈمۈلە ........................ 23
تاش چۆشۈپ ........................ 23
شاتۇتىنىڭ جاۋابى (مەسەل) ........................ 23
مەن ياخشىمۇ، يامانمۇ؟ ........................ 24

ئەيىب كىمدە؟ ........................ 25
ئىگارىمغا ........................ 26
مەن ۋە پەرۋانە ........................ 27
قوغۇنچى بوۋاي ........................ 28
ئالما ئۆزگەندە ........................ 28
گۈل ۋە بۇلبۇل ........................ 29
ئاسان ئىدى، قىيىن بولدى ........................ 29
كائىناتتىن سادالار ........................ 30
ۋىجدان ھەققىدە يېڭى سۆز ........................ 30
ئۇۋال بولدى ئاسلانغا ........................ 31
ئۆمرۈمگە نەزەر ........................ 34
تەيخۇ تەسىراتلىرى (چاتما شېئىرلار) ........................ 38
ئىككى سۈنىڭ سۆھبىتى (مەسەل) ........................ 45
مەيىن شامال ........................ 45
بۇ قىسمەتكە نېمىدەي؟ ........................ 48
باھاردا يېزىلغان شېئىرلار (چاتما شېئىرلار) ........................ 49
ئىككى خىل «تەقدىر» ........................ 53
قۇياشقا سوئال ........................ 54
ئېقىن رىشتە ........................ 55
مۇنداق باھا ئادىلمۇ؟ ........................ 56
ئوخشاشمىغان تىلەكلەر ........................ 57
بىراق ........................ 58
يوقمۇ؟ ........................ 59
كائىناتتىن تەرمىلەر ........................ 60
يېشىلمىگەن تېپىشماق ........................ 62

تەتۈر كەلگەن قىسمەتلەر (چاتما شېئىرلار) ...... 65
ئەركىلەتمە ئوغلۇڭنى .............................. 67
كۆڭۈل .............................. 69
يوق .............................. 69
ئاتا مېھرى .............................. 70
شېئىر دېسەم .............................. 70
كۆكۈيۈننىڭ ھېيلىسى (مەسەل) .................. 71
ئۇستازىمغا (مۇۋەششەھ) .................. 73
تىرىكلەر ئۆلۈككە قىلمايلى ھەسەت .............. 75
ياشلىقىمدا يېزىلمىغان شېئىرلار (چاتما شېئىرلار)... 76
سۇدىن چىققان پەرىزات (باللادا) ................ 85
ناخشا تېكىستلىرى .............................. 96
رۇبائىي ۋە پارچىلار .............................. 110

# ناخشا ھەققىدە غەزەل

تۇرەلدىم زوقى ئىشقىدىن تېنىمگە جان كىرىپ ناخشام،
كۆڭۈل باغلاندى رىشتىگە ھاياتقا كۆز ئېچىپ ناخشام.

ئۇنۇڭ بولدى يەنە دەسلەپ قۇلاققا كىرگىنى مۇڭلۇق،
بۆلەندىم ئەللىيىڭ بىرلە، بۆشۈكنى باخ ئېتىپ ناخشام.

يېتىلدى تەنلىرىم، يالقۇنلىنىپ تۇرار ھامان ئۆچمەي،
لىرىكاڭ پىلتىسى دائىم يۈرەككە ئوت يېقىپ ناخشام.

غېمى قايسى ھاياتىمنىڭ دېدىم، ئەلگە نەزەر سالدىم،
مۇھەببەت جامىدا سۆيگۈ شارابىڭنى ئىچىپ ناخشام.

ئېشىپ مۇشكۈل داۋانلاردىن سەپەردە ھارمىدىم زىنھار،
پەلەككە ياڭرىغان ئەۋجىڭ كۈچۈمگە كۈچ قېتىپ ناخشام.

بېشىمغا ھەر بالا كەلسە، ياشاشتىن قىلمىدىم پۇشمان،
ئۈمىد نۇرۇڭ كېلىپ غالىپ ئۆلۈمنى ھەم يېڭىپ ناخشام.

دېدىم ھەر ئان سېنى تىڭشاپ: «قېنى سەن ئەي گۈلى رەنا؟»
سېنى ئېيتقان نەفەسدەك پەرىنى ياد ئېتىپ ناخشام.

ئۆگەندىم بىر سېنى ئويلاپ، ياشاپ كەلدىم سېنى توۋلاپ،
ئۆلۈپ كەتسەم يەنە ئارمان ئونۇڭگە ئۈن قېتىپ ناخشام.

نەھاجەت كۆز يېشى ئەلەملىك، نىيازى مىلك تۈمەن رازى،
قويۇشسا قەبرىمگە دوستلار سېنى بىر رەت ئوقۇپ ناخشام.

1981 - يىل، قەشقەر.

## ئون يىلغا خىتاب

خىتابىم شۇ ساڭا ئون يىل: گۈزەل ياشلىق چېغىمنى بەر.
بۇگۈن قاردەك سۈپەت كىرگەن قارا قوڭدۇز چېچىمنى بەر.

نەزەر سالسام چىرايىمغا كى ئەينەكنى قىلىپ شاھىت،
كىرىپتۇ مىڭلىغان قوۋۇق قىزىل گۈلدەك يۈزۈمنى بەر.

كۆيۈپ ئۆچتى ھايات شامى سېنىڭدە بى ۋاقىت قانچە،
چاناقتىن سەل كەبى ئاققان گۇناھسىز كۆز يېشىمنى بەر.

ئېچىلماي گۈل غازاڭ بولغان، كى بولبۇلغا ئۇۋال بولغان
ۋە باغۋەنسىز قۇرۇپ كەتكەن يېشىل بوستان بېغىمنى بەر.

جىمى پەسلىڭ گويا قىشتەك، قوچاق ئاچتى زىمىستانغا،
چىچەك پەسلى باھارىمغا قوشوپ جەننەت يازىمنى بەر.

مىنوت كۈندەك، كۈنىڭ يىلدەك قىيىن ئۆتتى قىيامەتتە،
ئاياق ـ كالتەك. ھاقارەتتە كىشەنلەنگەن تىلىمنى بەر.

قىلىپ مەھروم ھاياتىمنى خۇشاللىقتىن، مۇھەببەتتىن،
«سىرلىق مال» دەپ پىچەتلەنگەن گۈزەل ناخشا ـ
سازىمنى بەر.

خاراپ بولەي زامانىڭدا تۇمەنمىڭ مەردىپەت ئەھلى،
كۆيۈپ ئوتتا تۈزۈپ كەتكەن كىتاب داستان ـ چىنىم ـ
نى بەر.

مانا ئۆزگەردى بۇ دەۋران، ئايان بولدى سىرىڭ بىزگە،
چىكسىمەيدۇ يەنە تارىخ. قېنى ئالتۇن چىغىمنى بەر.

1981 ـ يىل، قەشقەر.

## ساۋاق

گۆدەك چېغى تىل چىققاندا بالىغا،
كۆپ سۆزلىسە، ئانا دىلى سۆيۈنەر.
ئاقنى. «قارا» دەپ تاشلىسا كېرەك يوق،
ھەممە ئادەم چىن دىلىدىن كەچۈرەر.

نۇقسان ئەمەس ياشلىقتىمۇ بۇ ئادەت،
ئەقىل تېپىپ ئاستا - ئاستا تۈزىتەر.
بىراق، ئىنسان ئازسا سۆزدىن، ياشىنىپ،
«ئاجىپ قاپتۇ بۇ قېرى» دەپ كۈلۈشەر.

چۈنكى تىلدۇر - پەزىلەتنىڭ ئۆلچىمى،
بىر سۆز بىلەن كېتەر ھۆرمەت ئىناۋەت.
كېلەر بەزەن بىر سۆز بىلەن ئىنسانغا،
ئۆمۈر بويى كۈتكەن بەخت - سائادەت.

شۇ سەۋەبتىن قېرىغاندا ھەر كىشى،
ئۆز سۆزىنى ياخشى ئويلاپ قىلغۇلۇق.
ھەسەت قىلماي باشقىلارنىڭ سۆزىگە،
ھېچ بولمىسا سۈكۈت قىلىپ تۇرغۇلۇق.

١٩٨٣ - يىل، ١ - ماي.

## «دىۋان» ① غا قاراپ

ئويلاپ يەتتىم ھەمىشە خىيالغا پېتىپ.
ئىنساننىڭ، ئىنسانلىق ھۆرمىتى نەدە؟
نەزەردە - قەغەزدىن ئەتىۋار ئالتۇن.
ئالتۇننىڭ سىباھا قىممىتى نەدە؟

---

① «دىۋان» - «تۈركىي تىللار دىۋانى»

پىكىر ئالىمىدە ئىزدىنىپ بۈگۈن،
شۇ چىگىش سوئالغا تاپتىم بىر جاۋاب.
تەپەككۇر قۇشلىرىم ئەيلىدى پەرۋاز،
ئۆيدىكى تەۋەررۇك «دىۋان»غا قاراپ.

دېدىمكى ئىچىمدە مۇشۇ بىر كىتاب.
يېزىلغان قايسى چاغ، قايسى ئەسىردە؟
نېمىشقا ئۆتسىمۇ قانچە يۈز يىللار،
ئۇ بۈگۈن يەنىلا تۇرار ئۆيۈمدە؟

ئويلىدىم: شۇ چاغدا ئۆتكەن ئىنسانلىق،
بارمىدۇ تۇپراقتا قالغان بىر ئىزى؟
ئۇلار قان - تەر تۆكۈپ يىققان بايلىقنىڭ،
ئەل ئۈچۈن بولغانمۇ زادى پايدىسى؟

«ياق» دېدى ئوي - پىكرىم يەنە رەتقىلىپ،
بۇ ئىزدىن نە نىشان بىر شامال ئۆتسە.
نېمىكەن پۇل بايلىق يىللار ئالدىدا،
تۆكەيدۇ ئىنسانمۇ ئەجلى يەتسە.

بىلدىمكى دۇنيادا بىرلا ئۆلمەستىن،
ياشاركەن ئىنسانلىق تۆھپە - خىسلىتى.
شۇ سەۋەب بۇ ئۆلمەس شانلىق قامۇسنىڭ،
ئالتۇندىن مىڭ ئەلا ئىكەن قىممىتى.

1983 - يىل، 1 - ئاي.

# بەخت

بىلسە دۇنيادا كىمدىگە چىن ۋەتەن سۆيگەن بەخت،
ئىشقىدا پەرۋانە ئوخشاش ئۆرتۈنۈپ كۆيگەن بەخت.

ئەل ئىشى بولسا گوياكى مىسلى بىر چوڭقۇر دېڭىز،
كەكتىگە يەتمەك ئۈچۈن تاشلاپ غۇلاچ ئۈزگەن بەخت،

قەترە تەردىن ئەلگە زەررەكەلسە نۇسرەت شان -
شەرەپ،
ھەر تىمىم ئىسسىق قىنىنى ئايىماي تۆككەن بەخت،

ئۈنسە ئەجرى گۈلشىنىدە بىر قىزىل چوغلۇق ئەگەر،
غۇنچىسىن قىسسا نىگارى زوقلىنىپ كۈلگەن بەخت.

سۆيگۈ بابىدا سەنەمنىڭ ۋەسلىگە يەتمەك ئۈچۈن.
دەشتە چۆللەردە غېرىپتەك مىڭ جاپا چەككەن بەخت.

سارغىيىپ پارلاق گۈلدەك كۈنگە تەشنا بولغۇچە،
تاغدىكى قارىغايغا ئوخشاش تاش يېرىپ ئۆسكەن
بەخت.

يارىغا بولماق ۋاپادار چىن بەخت ئاشىق ئۈچۈن.
ئەل - ۋەتەن ئىشقىنى دىلغا چىڭ پۈتۈپ يۈرگەن بەخت.

گەر كېلىپ قالسا بېشىغا بى ۋاقىت جەڭدە ئەجەل،
شەھىدى ئالدىدا ياۋنىڭ تىك تۇرۇپ ئۆلگەن بەخت.

1984 - يىل، 1 - ئاي قەشقەر.

## ساختىدۇر

باش ئېگىپ قىلدىڭ سالام، قىلغان سالامىڭ ساختىدۇ.
قىشتىكى ئاپتاپ كەبى كۈلكەڭ - چىرايىڭ ساختىدۇر.

ئۆرتىنىپ قەلبىڭ ھەسەتتىن ئىس - تۈتەك باسقان سېنى،
بىلمىدى دەمسەن مېنى؟ سۈرگەن خىيالىڭ ساختىدۇر.

ئاق كۆڭۈل ئىنسانغا ھۆرمەت ئەسلىدە بەرگەن سالام،
ۋە لېكىن شۇ تاپتىكى خۇش جىلۋە، نازىڭ ساختىدۇر.

بىرزامان ئالدىڭدا گويا ئەرزىمەس بىر خەس ئىدىم،
مۇشۇ ئان بەرگەن ماڭا يۈكسەك باھايىڭ ساختىدۇر.

ئامتى كەلگەي كىشىنىڭ ھەرقاچان خەلقى بىلەن،
يوق ئۇنىڭسىز تاجۇ - دۆلەت، گۈل سىياقىڭ ساختىدۇر.

ئۆز ئۆيۈڭدىن باشقا ئۆيگە چۈشمىسە زەررە يورۇق،
نۇر بەخش ئەتتىم دېمە، ياققان چىراغىڭ ساختىدۇر.

ساختىدۇر، ساختا كىشىنىڭ ھەر سۆزى، قىلغان ئىشى،
كۆز بوياپ، قەغەز بوياپ، قىلغان ئىجادىڭ ساختىدۇر.

1983 - يىل 2 ئاي، قەشقەر.

## كادىر ھەققىدە مۇخەممەس

كادىرى بولماق خەلقىنىڭ پاخشى ئىش، شۆھرەت ئەمەس،
بوينىغا ئاسقان تۇماردەك ھۆسنىگە زىننەت ئەمەس،
ياخشى يەپ، ئويناپ كۈلۈشكە كەڭ تاماشا پۇرسەت ئەمەس.
پاپىشانەڭگە پۈتۈلگەن ئەسلىدىن قىسمەت ئەمەس.
ئەل ئۈچۈن چەككەن رىيازەت زور بەخت، كۈلپەت ئەمەس،

كادىرى بولساڭ خەلقىنىڭ سەن ئاڭا غەمخانە بول،
ئىشقىدا كۆيگەن يىگانە، جان پىدا پەرۋانە بول.
كەڭ لىسە كۈل، دەردىگە يىغلا، مېھرىبان سەردارى بول.
گەر ئۆلۈم كەلسە بېشىڭغا «ۋاي» دېمەي مەردانە بول.
بۇ پەقەت بۇرچۇڭ سېنىڭ، جاپا ئەمەس، ھەسرەت
ئەمەس.

«مەن، — دېگەن ھەر بىر سۆزۈڭدە — خەلق ئۈچۈن
سادىق چاكار»

ئاقلا ئەھدىڭنى ئەمەلدە بولسىمۇ جەۋرى - جاپا.
مەن، نى دەپ زاتىڭنى ئۇنتۇپ، باسمىغىن يولنى خاتا.
قان - تېرىڭدىن كەلسە نۇسرەت زەررىچە قىلما تاما.

ھەق تىلەش قىلغان ئىشقا ـ پەزىلەت، خىسلەت
ئەمەس.

شان ـ شەرەپ قوچساڭ ئىشىڭدا سەن ئاڭا مەست بولمىغىن،
ئازغىنە تارتساڭ مۇشەققەت مۇڭلىنىپ غەش بولمىغىن،
مەرتىۋەڭ ئۆسسۇن ئېگىزلەپ، ئالدىراپ پەس بولمىغىن،
ۋە لېكىن بىلمەي خۇدۇڭنى يەردىكى خەس بولمىغىن،
بۇ ئۆزى كادىرغا لايىق ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت ئەمەس،

پارتىيە ئىستىل، مىزانى سەن ئۈچۈن بولسۇن چىراغ،
تەخسىكەش، ئالدامچىلاردىن بول پەخەس، قاچقىن يىراق.
ئارقا ئىشىك، سوۋغا، زىياپەت ئاخىرى باشقا چوماق،
ئالدىدا قىلغان خۇشامەت، جان ئالار يۇمشاق پىچاق،
رەنجىمە قىلغان سۆزۈمگە، بۇ ئۆزى تۆھمەت ئەمەس.

ئەل بىزار بولغاي سېنىڭدىن ھەممە «چوپقەت» دېسەڭ،
يۇرتدىشىم، يارۇ ـ بۇرادەر، تۇغقىنىم، ئۇلپەت دېسەڭ،
بىر تېرىقچە كەلسە مەنپەئەت خۇش كۈلۈپ «رەھمەت» دېسەڭ،
قول قۇرۇق كەلسە ناۋادا خۇيلىنىپ «تېزكەت» دېسەڭ،
بۇ ئۆزى ئىنسانغا لايىق چىن مېھىر ـ شەپقەت ئەمەس.

خەلقىمىز ئېيتقان بۇرۇنلا: كادىرىم بولغىن سىلىق،
ئەل ئىشى چەكسىز دېڭىزدۇر، ئۇندا سەن ئۈزگەن بېلىق.
كۈن كۆرەلمەس شۇ بېلىقمۇ ئالمىسا سۇدىن تىنىق،
يىپتىن ئايرىلسا چېچىلغاي ئۈنچىدىن تىزغان تىزىق.
بۇ ساڭا يۈكسەك ئەقىدە، تىلدىكى ھۆرمەت ئەمەس.

1984 ـ يىل 7 ـ ئاي، قەشقەر.

# ياش بوغۇنلار ناخشىسى

(چاتما شېئىرلار)

## قۇياشقا خىتاب

ئېيتچۇ قۇياش قىش پەسلى
نېمىشقا تېز كېتىسەن؟
غىل - پالغىنە كۆرۈنۈپ،
بىر دەمدىلا ئۆچىسەن؟

كۆكتە زومچەك بولۇتلار،
توسۇپ ئالار يۈزۈڭنى.
يەرگە ياغقان كۆمۈش قار،
چىمىرلىتار كۆزۈڭنى.

بىزدىن رەنجىپ قالدىڭمۇ،
ئىللىق چىراي ئاچمايسەن.
كەچ كىرگۈچە كۆزۈڭ تۇت،
شۇنچە ئۇزاق ئۇخلايسەن.

كۆردۈم باھار پەسلىدە،
سېنى بۈگۈن باشقىچە
چىقىپ بوپسەن قىزىرىپ،
مەن كۆزۈمنى ئاچقۇچە.

كۆكسىڭدىكى هارارەت،
ئېرىتىپتۇ مۇزلارنى.
ھۆسنىڭدىكى گۈزەللىك،
ئويغىتىپتۇ گۈللەرنى.

باقسام ماڭار يولۇڭغا،
كەپسەن خېلى يېقىنلاپ.
بۇلۇتلارمۇ ئاستىڭدا،
قاپتۇ ئازلاپ شالاڭلاپ.

كۆك ئاسماندا ئەركىلەپ،
خۇش خۇي كۈلۈپ تۇرىسەن.
مەكتىپىمدىن قايتقۇچە،
بىزگە ھەمراھ بولىسەن.

بىزنىڭ دىيار ـ كەڭ دىيار،
نۇرغا شەيدا گۈل دىيار.
قانچە تۇرساڭ تۇرۇۋەر،
بىزمۇ ساڭا ئىنتىزار.

ئامراقمىدىڭ سەنمۇ يە،
ماڭا ئوخشاش باھارغا.
باھار پەسلى ياشنىغان،
بىزنىڭ ئالتۇن دىيارغا؟

تۇغقانمىدى يە ئاناڭ،
سېنى مۇشۇ ماكاندا؟
ئاسقانمىدى يە داداڭ
چىراغ قىلىپ ئاسماندا؟

مىنۇتسېرى يېقىنلاپ،
ئۆز نۇرۇڭنى چېچىۋەر.
ھېرىپ قالساڭ ئەگەردە،
كەتمەي قونۇپ قېلىۋەر.

**گۈزەللىكنى سۆيىمەن**

گۈل ئۆستۈردۇق بۇ يىل قىش،
ئۆيدە يەنە بىر تەشتەك.
گۈل ئېچىلدى بەك ئېسىل،
خۇددى كۆكلەم باھاردەك.

سوراپ كۆرسەم ئاپامدىن،
ئىسمى ئىكەن - جۇخار گۈل.
ئامراق ئاڭا ھەممىدىن،
كىچىك سىڭلىم چىمەنگۈل.

سورىدىم بىر كۈن ئۇنىڭدىن:
بۇ گۈل ساڭا ياقامدۇ؟
سۇ قۇيساڭ، ئوغۇتلاپ،
كۆڭلۈڭ يېرىم تۇرامدۇ؟

دېدى سىڭلىم بىر تاتلىق:
گۈزەللىكنى سۆيمەن.
گۈلنى كۆرسەم ئۆزۈمنى،
گويا باغدا سېزىمەن.

## بىر جۈپ ئالما

ئانام بۈگۈن بازاردىن،
قوش ئالما ئېلىپ بەردى،
«ساقلاپ يېگىن بالام» دەپ،
سومكامغا سېلىپ بەردى.

ئاشۇ قىزىل ئالمىنى،
كۆرۈپ خۇشال بولدۇممەن.
پۈراپ ئۇنى زوق بىلەن،
كۆزلىرىمگە سۈردۈممەن.

ئۆيگە يېنىپ كەلگەندە،
ئالدىم بىرنى قولۇمغا —
بىراق ئۇنى يېمەستىن،
كەلدى ئاچام يادىمغا:

ئۇنىڭ بىلەن ئىككىلەن،
مېنىڭ ـ سېنىڭ دېمەيمىز.
نېمە تاپساق تەڭمۇ تەڭ،
بۆلۈشمەستىن يېمەيمىز.

ئۆتكەندە ئۇ بىر قېتىم،
تويغا بېرىپ كەلگەنتى.
تاپقان ئىككى كەمپۈتتىن،
بىرنى ماڭا بەرگەنتى.

مەنمۇ بۈگۈن ئاچامنىڭ،
قىلغىنىنى ياندۇراي.
ئانام بەرگەن ئالمىدىن،
بىرنى ئاڭا قالدۇراي.

ئاچام كېلىپ مەكتەپتىن،
كۆرۈپ راسا خۇش بولسۇن!
ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى،
شۇ ئالمىدەك قوش بولسۇن.

## ئۆچۈرگۈچ

ئۆچۈرگۈچىم ئوماقسەن،
دوستلار بىلەن ئىناقسەن.
ئۆزۈڭ ئۇپراپ كەتسەڭمۇ،
زارلىنىشتىن يىراقسەن.

سەن بولغاچقا قېرىنداش،
دادىل تۇرۇپ خەت يازار.
دەپتىرىمنىڭ بەتلىرى،
سۈتتەك پاكىز ئاق تۇرار.

يۈز بەرگەندە خاتالىق،
ئېرەنمەستىن تۈزەيسەن.
مىننەت قىلىپ ئىشىڭغا،
مەغرۇرلىنىپ كەتمەيسەن.

خاتا ھەتتى تۈزەتمەك،
سىنىڭ ئېسىل خىسلىتىڭ.
چوڭدۇر شۇڭا ھەرقاچان،
دىلدا ئىززەت - ھۆرمىتىڭ.

مەلۇم سېنى ئۆلگە قىلىپ،
خالىس نىيەت بولىمەن.
دوستلار بەرگەن تەلقىننى،
ئۆچۈرگۈچ، دەپ بىلىمەن.

1984 - يىلى 8 - و - ئاي، قەشقەر.

## جىڭ سوراپ ...

بىر كۈنى ئۇن ئۆيگە كىردىم مەقسىتىم: بىر جىڭ سوراپ،
ئاغزىدىن چىققىنى جىمىنىڭ «يوق» دېگەن بىر خىل جاۋاب.
«يەتتە يىل ئالدىدا كىرسەم بارتىغۇ ھەر ئۆيدە جىڭ»
جىلە بولدۇم ئۆز ئىچىمدە ھەممىنى «پىخسىق» ساناپ.
كۈلدى شۇ چاغ بۇ سۆزۈمدىن چوڭ دادام پەسدىگىمدە،
«بىزمۇ ئون يىل ئالدىدا، ئالغان ئىدۇق بىرنى ياساپ.
ئۆتكۈزۈپ بولمايتتى ئۇ چاغ راست دېدىك بىر كۈنىمۇ،

بولمىسا ھەر بىر كىشىدە چەك بىلەن پۈختا ھېساپ.
بايقىدىم «يوق»نىڭ سىرىنى ئەمدى بۇ سۆزدىن كېيىن،
بىر بۇلۇڭدا تاشلىنىپ تۇرغان پۇچۇق چەكىگە قاراپ.
«ھە – دېدىم – ئاشلىق كۆپەيگەچ ئەمدى بىزنىڭ ئۆيدىمۇ،
تەگلەئۆلچەم بوپقىكەن – دە» بۇ قاپاق چەكىگە تاۋاپ.
1985 – يىل، 6 – ماي، قەشقەر.

## شامال بىلەن تېرەك

(مەسەل)

تېرەك دېدى: كۈز مەۋسۇمى شامالغا:
ياز پەسلىدە لەۋلىرىمدىن سۆيسەن،
قىش يېقىنلاپ كەلگەن چاغدا ئەجەبا،
رەھىمسىزلا ياپرىقىمنى تۆكسەن؟

قاپاق تۇرۇپ دېدى شامال تېرەككە:
يازدا سېنى ئىلاجىم يوق سۆيەتتىم.
كۈچۈم يەتسە، باھاردىلا سوقۇپمەن،
ياپرىقىڭدىن بىرنى قويماي تۆكەتتىم.
1985 – يىل، 9 – ئاي.

## غىل – پال كەلگەن خىياللار

تۇغۇلدۇق ئۆمرىمىز زادى قانچىلىك؟
كۆپ بولسا يۈز ياشتىن بەلكى ئاشارمىز.

ئوڭ كېلىپ ناۋادا ياغسا چوڭ ئامەت،
باي بولۇپ، ئالتۇندا ئىشىك تاقارمىز.

بىراق، شۇ ئۈمۈرنىڭ مەنىسى نېمە؟
بىلىندى ھەممىشە بىزگە تۇمانلىق،
تۇماننى ئۇلغايتتى بەزىدە قان - قان،
بىزدىكى قانائەت، روھىي گادايلىق.

يول تاپتۇق، يۈز تاپتۇق ماڭدۇق ئالدىدا،
كۆرەلمەپ «بەختىم شۇ» دېدۇق چىرايلىق.
چاپلاشتى مەرەزدەك ئېرىنمەدى يەنە،
تۈگىمەس ئاداۋەت، توڭلۇق نادانلىق...

× × ×

بولدى، قوي، ئارتۇقچە سۆزلىمە شائىر،
سېنىڭمۇ بىلگىنىڭ - كۆرگىنىڭ چاغلىق.
مەنلا دەپ پۈت ئېتىپ ئايلىنىپ قالما
كەبى بىلمەس مەخلۇققا - سەن تۆت ئاياغلىق.

1985 - يىل، 9 - ئاي.

## يۇلتۇز بىلەن سۆھبەت

تۈن كېچە...
سىياھەك قاپ - قارا يۈكسەك سامادا،

**كۆرۈلەي**
**قايتىدىن**

(يەنە بىر رەت)

بى مەھەل يوقاپقان سىرداش يۇلتۇزۇم.
كۈلدى ئۇ —
يىراقتىن،
تەبەسسۇم بىلەن،
قاتىمۇ قات بۇلۇتلار تۇرسىمۇ قورشاپ،
چاقنىدى شۇ ھامان خىرە كۆزلۈرۈم،
ئوڭۇمىمۇ؟
چۈشۈمىمۇ؟
دېدىم مەن ھەيران:
نەلەردە يۈرۈيسەن ئەي گۈزەل يۇلتۇز؟
نېمىشكە،
بەزى بار، بەزىدە سەن يوق،
كۆرۈنسەڭ بولمامدۇ كېچە - كۈندۈز؟
دېدى ئۇ،
سامادىن پىچىرلاپ ماڭا:
مەن مەۋجۇت!
مەن ھايات!
دۇنيادا تېخى.
كۈندۈزى قۇياشنىڭ،
ئاخشىمى ئاينىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا،
كۆزلىرىڭ قاماشىپ كۆرمەيسەن مېنى.
بىل شۇنى:

ئادەتتە،
(كېچە ۋە كۈندۈز)
قۇياشتىن،
چولپاندىن،
تالاشمايمەن نۇر،
لېكىن
تۈن قانچە قاپ - قارا بولسا،
شۇنچە چاقنايمەن،
بېغىشلاپ ساڭا ھۇزۇر.
قاراڭغۇ زۇلمەتتە،
جۇت شىۋىرغاندا.
جىسمىمدىن تارالغان نۇرلىرىم ئۆتكۈر،
مەن چىقىمەن
ئاي تۇتۇلغاندا،
كۈن خىرەلەشكەندە،
ۋۇجۇدۇم سوغۇق - ئىسسىققا شۇنچىلىك سەزگۈر...

1985 - يىل، دېكابىر، قەشقەر.

## «يىلتىزىمىز چىڭ»

(مەسەل)

كېچە...
پىچىرلىدى كۆل،
نازۇك ياپراققا

ئىچۈن تۆكۈلەر كۆزلىرىدىن ياش؛
دېدى ياپراق:
(ئۆكسۈپ يىغلاپ)
كۆرمىدىڭمۇ،
سەزمىدىڭمۇ؟
بورالدا تېنىمگە كېلىپ تەگدى تاش.
گۈل ئېيتتىكى:
سەۋرى قىل ئاداش،
كېتىدۇ بوران،
تۈگەيدۇ جۇدۇن،
بولۇتلار سۈرۈلۈپ چىقىدۇ قۇياش.
نابۇت بولسىمۇ، يۇمران تېنىمىز،
يىلتىزىمىز چىڭ.
ئەتە،
يە ئۆكۈن
كېلىدۇ باھار،
چىقىمىز تۇپراقتىن كۆتۈرۈپ باش،

1985 - يىل، 2 - ماي.

## سەھەر

سۇبھ يورۇپ ئاتتى تاڭ،
ئۇچتى يۇلتۇز سامادىن.
تۇن پەردىسى يىرتىلدى،
باغۇ - بوستاندالادىن.

كۈلۈمسىرەپ چىقتى كۈن،
قارلىق چوققا ئۈستىدىن.
بۇلۇت يۈزى قىزاردى،
كۈلگۈن شەپەق ھۆسنىدىن.

كۈلدى ئاسمان، تاغۇ - تاش،
ئوتقاش كەبى تاۋلىنىپ.
نۇر يېپىدا كەڭ زېمىن،
قالدى كۆككە باغلىنىپ.

1945 - يىل، 3 - ماي.

## شائىر ئۆلمەس

شېئىر چىقماس شاتۇتىدەك شائىردىن،
ھېسابلاشسا يازماي تۇرۇپ جان بىلەن.
شېئىر دېمەك - ۋىجدان دېمەك، جان دېمەك،
شېئىر ئۆلمەس يازغاندىلا قان بىلەن.

شۈبھىسىزكى، قىلغان سۆزۈم ھەقىقەت،
ئاڭا شاھىد ئەنە لۇتپۇن قەبرىسى.
شائىر ئۆلسە، شېئىر ئۆلسە ئەگەردە،
يوقلارمىدى ئۇنى مىڭلاپ نەۋرىسى؟

شائىر ئۆلمەس، لۇتپۇن ئۆلمەس، تا ئەبەد،
بەرسە ئۆلسە چىقار بىرى ئىز بېسىپ.

# گۈل ۋە ئادەم

باھار...
تۇپراقتىن كۆتۈرسىلا باش،
گۈل غولى
گۈل شېخى
تەڭلا كۆكلەيدۇ،
يوپۇرماق،
غۇنچىمۇ بولىدۇ پەيدا،
يىلتىزىدىن سۇ ئىچىپ تەڭلا ياشنايدۇ.
ھەممىدىن قىزىقى:
كۈز پەسلى شۇ گۈل.
تەڭ قۇرۇپ،
تەڭ توزۇپ ياپراق تاشلايدۇ،
مانا بۇ — مەن كۆرگەن گۈلنىڭ خىسلىتى،
لېكىن...
ئادەمچۇ؟
ياق، ئۇنداق ئەمەس!
ئۇ، گۈلدەك
بىر تەندىن
بىر جاندىن

تەڭ تۇغۇلمايدۇ،
بىرى ئۆلسە، بىرى ياشايدۇ،
بىرى كۈلسە، بىرى يىغلايدۇ.
گۈل كەبى خىسلەتكە ھەۋەس قىلمايدۇ.
مانا بۇ — مەن كۆرگەن ئىنسان خىسلىتى.

1985 - يىل، 5 - ئاي.

## مەن ۋە چۈمۈلە

مەن ئاۋارە: تىگەن سوقۇپ، كەتمەن چېپىپ،
تىنىم تاپماس چۈمۈلىمۇ تۆشۈك ئېچىپ.
لېكىن بىلمەس: شۇ تۆشۈكتىن يار كەتسە گەر،
ئاشۇ نادان ئۆلۈشىنى لايغا پېتىپ.

1985 - يىل، 6 - ئاي.

## تاش چۈشۈپ...

«چولتۇك» كىدە بىر تاش چۈشۈپ كۆلچەككە،
چەمبەرسىمان سۇدا دولقۇن قوزغاتتى.
يېتەلمىدى بېلىق ئالغۇچ مەقسەتكە،
دولقۇن كېلىپ بېلىقلارنى ئويغاتتى.

1985 - يىل، 6 - ئاي.

## شاتۇتنىڭ جاۋابى

(مەسەل)

باققا كىرسەڭ قۇشتەك ئۈنلۈك سايرايسەن،
ئۆيگە كىرسەڭ ئىت - مۈشۈكنى دورايسەن.

خىسلەت نېمە، — دېدى كاككۇك تۇتىغا، —
«دورىغاندا زادى چېنىپ قالمايسەن؟»

دېدى تۇتى بۇ ماختاشتىن زوقلىنىپ،
قەپەزدىمۇ تېنى يايراپ روھلىنىپ:
«يوقتۇر ماڭا قىشنىڭ يامان ياخشىسى،
شۇ سەۋەبتىن يات ئەمەستۇ ناخشىسى»

1985 - يىل 7 - ئاي.

## مەن ياخشىمۇ، يامانمۇ؟

مەن ياخشىمۇ، ياكى يامان بىلمەيمەن،
بىرى «ياخشى» بىرى «يامان» دېيىشەر.
بۇگۈن «ياخشى» دېگەنلەرمۇ ئەتىسى،
بىر ئىشىمدىن قۇسۇر تېپىپ كۈلۈشەر.

مەن ياخشىمۇ ياكى يامان بىلمەيمەن،
چۈنكى ئۇنى ئۆلچەيدىغان جىڭىم يوق.
بار دېيىلسە، «مەن»لا ئۆلچەم ھەممىگە،
شۇ سەۋەبتىن ئاغرىنىشقا تىلىم يوق.

مەن ياخشىمۇ ياكى يامان بىلمەيمەن،
لېكىن ياخشى بولالايمەن - ئۆلمىسەم.
شەرتى ئۇنىڭ بىرى: تىلىم بولمىسا،
بىرى كۆزدە ھېچ نەرسىنى كۆرمىسەم.

مەن ياخشىمۇ ياكى يامان بىلمەيمەن،
لېكىن ياخشى بولالايمەن «مە» دېسەم.
ئۆز تېنىمنى كاۋاپ قىلىپ بەزىدە،
خالىغانچە ئۆزۈڭ تاللاپ «يە» دېسەم.

شۇ سەۋەبتىن بۈگۈن «ياخشى» ئاتالسام،
بىر كۈن ئۆتمەي يەنە يامان ئاتالدىم.
بەرگەن چېغىم «سېخى جەننەت» دېيىلىپ،
ئالغان چېغىم «قارنى تويماس» سانالدىم.

مەن ياخشىمۇ ياكى يامان بىلمەيمەن،
چۈنكى ئۇنى ئۆلچەيدىغان جىڭىم يوق.
«بار» دېيىلسە «مەن»لا ئۆلچەم ھەممىگە،
شۇ سەۋەبتىن ئاغرىنىشقا تىلىم يوق.

1985 - يىل، 7 - ئاي.

## ئەيىب كىمدە؟

بىر ئاخشىمى يولدا ئۇچراپ ئىككى ئىت،
بىر - بىرىگە قاراپ راسا قاۋاشتى.
ھايال ئۆتمەي چۈشتى ئۆزى پەسكويغا،
يېقىن كېلىپ ئېغىز - بۇرۇن يالاشتى.

نەدىن بىلەي: باستى يەنە پالاكەت،
چىقتى غەۋغا (مەن تاشلىغان سۆڭەكتىن)

قالدى سۆگەك ئۆز جايىدا - يالاقتا،
شىددەت بىلەن باشلاندى جەڭ بۆلەكتىن.

«ئاپلا» دېدىم ئىتقا يەنە ئېچىنىپ،
غەزەپ بىلەن يېردىم سائەت ئېلىشتى.
ئاخىرىدا ھەر ئىككىسى قان بولۇپ،
ھالسىزلىنىپ يەردە يېتىپ قېلىشتى.

ئويلاپ قالدىم: نىچۈن ئۇلار تالىشار،
بەزى چاغدا ئېغىز - بۇرۇن يالىشار؟
ئەيىب كىمدە، سۆگەكتىمۇ - ئىتتىمۇ؟
ياكى ئىتقا سۆگەك سالغان مەندىمۇ؟

1985 - يىل، 8 - ئاي.

## نىگارىمغا

كۆپ ئەمەس، قاچاندا كۆرسەملا سىنى،
نىچۈندۇر ئالدىڭدا تىلسىزمەن نىگار.
كۆرمىسەم تەلپۈنەر بى تاقەت كۆڭلۈم،
قۇچۇشتا ۋەسلىڭنى بولۇر ئىنتىزار.

يىراق، سەن ئالدىمدا بولغاندا پەيدا،
ئۇنتۇيمەن ھەممىنى، رەڭگىمدە قان يوق.
كۆزلىرىم مۆلدۈرلەپ تۇرسىمۇ ئەلھال،
سىزىمەن ئۆزۈمنى تېنىمدە جان يوق،

قايسى «سىر» پىنھاندۇر ئېيتقىن ھۆسنىڭدە
تىترەيدۇ نېمىشقا مۇنچە تەنلىرىم؟!
نېمىشقا چىقمايدۇ ئاۋازىم ئۈنلۈك،
يا سۆزدىن قالغانمۇ مىسكىن لەۋلىرىم.

چۈشەندىم بۇ سىرلىق تۇيغۇنى ئاخىر،
ئۇ، نازۇك سۆيگۈنىڭ ئېكەن ئۇچقۇنى.
چىدارمۇ ئۇنىڭغا ئەمدى جان - تېنىم،
ئۇلغايسا كۆڭلىمدىكى ئاتەش - يالقۇنى.

بولدى، قوي، بىلمەسكە سالمىغىن نىگار،
ئىچىمدە يوشۇرۇن ئورنىتىپ كۆيمەي،
ئۆز قەلبىڭ چوغىدا ياققان بۇ ئوتنى،
يا ئۆچەر، يا ئۇلغايت، ئۇن - تىنسىز يۈرمەي.

1986 - يىل، 1 - ئاي

## مەن ۋە پەرۋانە

پەرۋانە دۇنيادا نۇرغىلا ئاشىق،
شۇ سەۋەب ئۇ، ئوتتا كۆيۈپ تۈگەيدۇ.
مەن ئىنسان، ئاشىقمەن ئۆز نىگارىمغا،
بۇ سۆيگۈ مەن بىلەن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

1986 - يىل، 2 - ئاي.

## قوغۇنچى بوۋاي

(جاڭ بىننىڭ «دېھقان بوۋاي» شېئىرىغا تەقلىد)

هەر كۈنى سۈبھ سەھەردىن تاكى ئۇ كۈن پاتقۇچە،
ئىشلىدى تىنماي ئېتىزدا، سۇ تۇتۇپ، پېلەك تاراپ.
ياتتى كۈزدە ساي تېشىدەك مەي بولۇپ سانسىز قوغۇن،
ھاردۇقى چىقتى بوۋاينىڭ پۈرىقى تەنگە تاراپ.

1986 - يىل، 2 - ئاي.

## ئالما ئۈزگەندە....

ئالدىراپ شېخىدىن ئۈزدۈڭ ئالمىنى،
«بۇ باغنىڭ ئەڭ ئېسىل ئالمىسى شۇ» دەپ.
ۋە لېكىن يېگەندە بولدى كۆڭلۈڭ لال،
تۈگەتكەچ ئىچىدىن ئۇنى قۇرت يەپ.

بولدى قوي، ئارتۇقچە زارلانما يىگىت،
ئۆز كۆزۈڭ، ئۆز كۆڭلۈڭ ئالداپتۇ سېنى.
رەڭ ئەمەس، تەمگە قارايتتىم ئەگەر،
ئالمىنى تاللاشقا قويغاندا مېنى.

1986 - يىل، 2 - ئاي، قەشقەر.

## گۈل ۋە بۇلبۇل

گۈل ئېچىلدى تاڭ سەھەردە،
تولدى ئەتراپ پۇراققا،
ئېلىپ قاچتى بەگباش شامال،
گۈل ھىدىنى يىراققا،

بولدى ھەيران بۇلبۇل شۇ چاغ،
ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ.
«قېنى ھىدىڭ؟» دېدى گۈلگە،
ھەسرەت بىلەن تولغىنىپ.

جاۋاب بەردى گۈلنىڭ شېخى:
ئۇخلاپ قېلىپ كېچىكتىڭ،
شۇكۇر قىلغىن ۋەسلىمگىمۇ،
مىڭ جاپادا ئېرىشتىڭ»

1986 - يىل، 4 - ئاي.

## ئاسان ئىدى، قىيىن بولدى

ئاسان ئىدى، ياشلىق چېغىم شېئىر يازماق،
بارماق بىلەن بوغۇم ساناپ يۈرگىنىمدە.
جاپا بولدى، ئەمدى ماڭا مىسرا تۈزمەك،
«شېئىر» نىيمە،

«شائىر» نېمە؟
بىلگىنىمدە.

1986 - يىل، 4 - ئاي.

## كائىناتتىن سادالار

قۇياش دېدى: يۈكسەكمەن كۈلۈپ ياشايمەن،
شامال دېدى: كۆك ئاسماندا ئۈزۈپ ياشايمەن.
يۇلتۇز دېدى: بۇلۇتلارغا مىنىپ ياشايمەن،
بۇلۇت دېدى: كۆز يېشىمنى تۆكۈپ ياشايمەن.

زېمىن دېدى: كەڭ ئاسمانغا قاراپ ھەمىشە،
نۇرلىنىمەن ھەممىنى تەڭ سۆيۈپ ياشايمەن.
ياز پەسلىگە ئىنتىزارمەن قىشتىن قورقمايمەن،
قارا تۇندە ئۇخلاپ ھەم چۈش كۆرۈپ ياشايمەن.

1986 - يىل، 5 - ئاي.

## ۋىجدان ھەققىدە يېڭى سۆز

مەن بىلەتتىم كىچىكىمدىن مۇقەددەس،
ئىنساندىكى مېھرى - ۋاپا، ۋىجدانىنى.
ياندى رايىم كۆرۈپ بۈگۈن توساتتىن،
شەكلى ئىنسان - قەلبى رەزىل شەيتانىنى.

«دوستلۇق» دېسە، «ۋىجدان» دېسە ھەمىشە،
قۇدرىتىنى ھەممىدىن چوڭ كۆرەتتىم.
شەك كەلتۈرسە، كىمكى ماڭا ئىشەنمەي،
ۋىجدانىمنى ئاتاپ قەسەم بېرەتتىم.

پاكلىقىمغا ئەينەك ئىدى، ئۇ مېنىڭ،
نەگە بارسام، ئەقىدەمنى كۆرسىتىپ،
ئۆز تىلىمغا ئۆرنەك ئىدى. ئۇ مېنىڭ،
نەگە بارسام ھەقىقەتنى سۆزلىتىپ.

بىلدىم بۈگۈن «تۆرمۇش» ئاتلىق لۇغەتتىن،
«ۋىجدان» بىلەن «ساداقەت»نىڭ سېھرىنى.
ھەيران قالدىم بەزى ئىنسان نەسلىدىن،
تاپالماستىن ئۇنىڭ مىگدىن بىرسىنى.

دېمەك: ۋىجدان، دوستلۇق دېگەن بۇ سۆزنىڭ،
مەنىسىمۇ تۇرار ئىكەن ئۆزگىرىپ.
بۈگۈن بىرگە ئازار بەرسە، يىغلىتىپ،
ئەتە ئۇنى خۇش قىلاركەن كۈلدۈرۈپ.

1986 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر.

## ئۇۋال بولدى ئاسلانغا

ئىت ئېيتقۇدەك: قاياق كۆرسەم قاۋايمەن.

يالاق كۆرسەم يالايمەن.

(دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن)

چىقتى بالا بىر كۈن سىرتقا ئۆمىلەپ،
ئۆيدە ئوۋناپ زېرىككەندە مۇشۈكنى.
كۆرۈپ قالدى چىقىپلا ئۇ ھويلىدا،
يەردە ياتقان پاكار، يۇڭلۇق كۈچۈكنى.

ئاپتاپ سىنىپ ياتسا كۈچۈك قورساق ئاچ،
كېلىپ بالا خۇش خۇي كۈلۈپ قاردى.
كۈچۈكمۇ تەڭ تاما بىلەن تىل سوزۇپ،
ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىنى يالىدى.

نادان بالا ئوخشاتتىمۇ كۆڭلىدە،
بۇ مەخلۇقنى ئۆيدە كۆرگەن دوستىغا.
ئوۋناپ كەتتى ھايال ئۆتمەي بەھۇزۇر،
قوللىرىنى سېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا.

ياتتى بىردەم يۇڭلۇق كۈچۈك تامادا،
قۇلاقلىرى تاتىلىسىمۇ قاۋشىماي.
مىنگەن چاغدا بالا ئۇنىڭ بوينىغا،
ئېغىر سالدى كۈچۈك بىردىن چىدىماي.

بىلدى بالا شۇ چاغدىلا «قىرقىراپ»،
بۇ «دوستى»نىڭ مۇنداق «قىزىق» خۇيىنى.

تارتىۋالدى مىلىك جاپادا كۆزى ياش،
ئۈستىنىڭ چىشى پاتقان يۇمران قولنى.

قانچىلىق ئازار يەتكەچ بالا دىلىغا،
شۇ مىنۇتتىن باشلاپ سىرتقا چىقمىدى.
ئەدە كۆرسە بۇ مەخلۇققا چىقىلماي،
ھەممە ئىشتا بەكمۇ ھەزەر ئەيلىدى.

بىراق، ۋەقە يۈز بېرىپلا كۆپ ئۆتمەي،
قالدى ئاسلان ئۆيدە ھەممە بالاغا.
دوستى ئۇچۇن بولۇپ ياخشى ئويۇنچۇق،
چىقالمىدى ئەمدى ئەركىن تالاغا.

ياۋاش يۇمشاق بولغانىدى بوز ئاسلان،
دوستى ئۇنى شۇنچە خارلاپ ئوينىدى.
كۆزلىرىگە تىقىپ بىگىز قولنى،
يولۇپ بۇرۇت، موپلىرىنى قويمىدى.

بولدى بۇ ئىش ئاسلان ئۈچۈن ھاقارەت،
ياۋاشلىقى بولۇپ گويا جىنايەت.
بىر ئاخشىمى دېدى ئاسلان ئىچىدە:
«كېتەي بۇلىدىن، قىلماي ئارتۇق شىكايەت...»

كەتتى ئاسلان شۇ ئۆي بىلەن ئەتىسى،
تۇرغان ئۆي ـ ماكانىدىن خوشلىشىپ.

بىلدى بالا ياۋاش ئاسلان قەدرىنى،
زېرىككەندە بۆشۈك بىلەن ئويىنىشىپ.

9886 - يىل 9 - ئاي، قەشقەر.

## ئۆمرۈمگە نەزەر

(1)

گۆدەك چېغىم — سەبى چېغىم، گۈل چېغىم،
ئۆتتى ئۆمرۈم سۈزۈك تاڭدەك بىغوبار.
ئۆزۈمىمۇ ئوت، كۆزۈممۇ ئوت ھاياتنىڭ —
گۈزەل، پارلاق ئەتىسىگە ئىنتىزار.

ئۆتتۇم غەمسىز قانچە يىللار شۇ پېتى،
شېرىن ئۈمىد، ئارزۇلارغا سىردىشىپ.
ئەقىدەمگە قانات بەردى خىياللار،
پاك دىلىمغا يۈگۈمەچتەك چىرمىشىپ.

ئاشتىم داۋان ئۈمىد بىلەن سەپەرداش،
ياشلىقىمنىڭ گۈل مەنزىلى كۆرۈندى.
بۇ مەنزىلگە تۇنجى قەدەم قويغاندا،
ھاياتلىقنىڭ چېكى يوقتەك تۇيۇلدى.

(2)

ياشلىق چېغىم - ئالتۇن چېغىم، نۇر چېغىم،
كەلدى تېزدىن يېڭى ھېسلار قوزغىتىپ.
گۈدەكلىكتە مەن بىلمىگەن سۆيگۈنىڭ —
دىلدا نازۇك بىخلىرىنى ئويغىتىپ.

مەپتۇن قىلدى مېنى ئوتلۇق مۇھەببەت،
ئېلىپ شۇئان ئىختىيارسىز ئېلكىگە.
ئەسىر قىلدى، قەلەمقاشلىق جانانلار،
شەيدا قىلىپ، گۈلدەك گۈزەل ھۆسنىگە.

تۇتقۇن بولدۇم، قۇلى بولدۇم سۆيگۈنىڭ،
شۇ مىنۇتتىن باشلاپ بىھوش مەست قىلىپ.
ئۈزدۈم ئۈمىد، ئۆز جېنىمدىن نەچچە رەت،
جۇدالىقتا، يارسىز ياشاش تەس كېلىپ.

ئۆتتى شۇنداق، چاقماق كەبى ياشلىقىم،
گۈل ئېچىپلا توزۇپ كەتكەن چېچەكتەك.
قالدى ئارزۇ، قالدى ئارمان بى مەزگىل —
خەمەك سالماي قۇرۇپ كەتكەن پىلەكتەك.

(3)

قەدەم قويدۇم، ياشلىق بىلەن خوشلىشىپ،
ئۈمىد بىلەن يەنە يېڭى پەللىگە.

قەسەم بەردى، يەتكۈزمەككە مۇرادەم،
بەخت ئاتلىق گۈزەل جانان ۋەسلىگە.

بولدى ھەمراھ، بۇ سەپەردە ئىجادىم،
ئىجاد بىلەن داۋان ئاشتىم، تاغ ئاشتىم.
ئەجرىم بىلەن دىل بېغىنى سۇغىرىپ،
قۇرۇپ قالغان گۈل شېخىنى ياشناتتىم.

ئىجادىمدىن كۈلدى، ئۆچكەن ئارمانلار،
كەتتى نېرى، قۇرۇق بەڭباش خىياللار.
قالدى پەستە، مۇرادەمنىڭ كۈچىدىن،
چىقماق قىيىن نى - نى مۇشكۈل داۋانلار.

ئېشىپ داۋان كۆرگەندە مەنزىلىم،
قۇچاق ئاچتى، بەخت ئەمەس ھالاكەت.
كوھى قاپتىن چىققان قۇيۇن شوم بوران،
ئېلىپ كەلدى ھەممىگە تەڭ پالاكەت.

بوران ئەدەپ چىقىۋەردى توختىماي،
نۇرلۇق نىشان، مەنزىلىمنى يوقاتتىم.
مەنزىل ئەمەس، يالغۇزلا ئۇ، ئۆمرۈمنىڭ —
ئالتۇن كەبى مەزگىلىنى يوقاتتىم.

ئايلار ئۆتۈپ، كۈنلەر ئۆتۈپ قانچە يىل،
ۋىسال ئاچتى، كېلىپ يەنە نەۋباھار.

بوران بىلەن نابۇت بولغان يەر - زېمىن،
روناق تېپىپ، گۈل - چېچەككە بولدى يار.

چاچتى پۇراق، يېڭىباشتىن ئويغىنىپ،
باغدا رەيھان، قىردا خۇش بۇي سۇمبۇللار.
ئۆردى خەندان چاڭ كەلتۈرۈپ جاھاننى،
دىلى خەستە، ئۈنى ئۆچكەن بۇلبۇللار.

ئۈمىد بىلەن كەلگەن ئىنسان ياشاشقا،
ئۈمىد بىلەن باقتى يەنە ھاياتقا.
غايە ئۈچۈن بولغان يۈكسەك ئەقىدە،
قىلدى ئىگە، مەڭگۈ سولماس قاناتقا.

ھايات بەردى، قانات بەردى ماڭا ھەم،
جىسمىدىكى ئەلگە بولغان مۇھەببەت.
ئاق قىراۋدەك چېكەمدىكى چاچلىرىم،
بولەي كۈلگەن يۈزلىرىمگە گۈل پەقەت.

ھايات ئىشقى، ياشارتتىمۇ دىلىمنى،
قايتىپ كەلدى، روھىمغا خاس ياشلىقىم.
بولدى سىرداش ماڭا چىندىن ۋاپادار،
قەلەم ئاتلىق، تىلى شېكەر «تاتلىقىم».

بەخت ئىزلەپ، ئۆز ئىلىمگە، خەلقىمگە،
چىقتىم بۈگۈن يېڭى جەڭگە - بەيگىگە.

چىقالايمەن، يۈگۈرۈك ئىجاد تۇلپارىم،
ياشلىقىمدا چىقالمىغان پەللىگە.

داۋان ئېشىپ مەنزىلىمگە يەتكەن كۈن،
يىراقلارغا يەنە نەزەر سالىمەن.
لېكىن ئارمان چېچەك ئاچماس دەرمانسىز،
ياشلىقىمنى قايتا ئەسلەپ قالىمەن.

1986 - يىل 9 - ئاي قەشقەر.

## تەيخۇ تەسىراتلىرى

(چاتما شېئىرلار)

1986 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان دەم ئېلىش ۋە زىيارەت ئۆمىكىگە قاتنىشىپ. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى شەھىرىگە يېقىن بولغان گۈزەل تەيخۇ كۆلى بويىدا زىيارەتتە بولدۇم.

## ماسەنگە قاراپ

كۆز يەتكۈسىز بىپايان كەڭ تەيخۇنىڭ
زۇمرەت سۈيى تۇرار كۆككە لەۋ يېقىپ،

تاغدىن سوققان سوغ شامالدا تىنىمسىز،
قويار لەززەت دولقۇن ياساپ، تەۋرىنىپ.

كۆل سۈيىنى ئەگەر مەيگە ئوخشاتسام،
ماسەن① ئۇنىڭ جامى ئىكەن خىسلەتلىك،
چىرايلىقنى كۆزدە كۆردۈم، ئىچمەدە —
ئەسكە ئالدىم خانتەڭرىنى — ھەيۋەتلىك.
سۇ ئىكەن ئۇلارنىڭ تۇراۋ ماكانى.

تەيخۇنىڭ ئۈستىدە تاغدىن — كەچكىچە،
ئۈزۈشەر ئاققۇدەك كېمىلەر تىنماي،
ئۈزۈشەر دولقۇنغا ئۇرۇلۇپ چۆكمەي،
تىزمانلىق كۈنلەردە يولدىن ئاداشماي.

كېلەر شۇ كېمىدە ياشاپ بېلىقچى،
ئەۋلادتىن — ئەۋلادقا كۆلگە تور سېلىپ،
ئۆتەر سۇ باغرىدا كۈندۈز — كېچىسى،
بېلىققا كۆز تىكىپ بېلىقنى ئېلىپ،

شۇ كېمە، ئۇلارنىڭ ئۆي ھەم بىساتى،
تىزغۇلار بوۋاقمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە،
قىز — يىگىت تويلىرى ئۆتىدۇ خۇشال،
قىرغاققا چىقمايلا سۇنىڭ ئۈستىدە.

---

① ماسەن — شۇ جايدىكى تاغ ئىسمى.

شۇ كىمە، بىلىقچى ئۈچۈن قەدىرلىك،
بىلىققا تور سېلىش ـ پۈتكۈل خىيالى.
ئويلىدىم ھەر قېتىم تەيخۇغا قاراپ.
سۇ ئىكەن ئۇلارنىڭ ئانا ماكانى.

## مولىدوڭ غارىدا

ئۈستى تاغ، ئاستى سۇ مولىدوڭ① غارى،
ئەسلەتتى كىرگەندە مىڭلاپ ئەسىرنى.
خۇاڭدىنىڭ ئەجدادى يانغاندا جەڭدىن،
قورغانمۇ بۇندايا ئوردا يا قەسىرنى؟

غارىدىكى ھەر ئۆڭكۈر، ھەر بىر قىيا تاش،
بىلىندى ماڭا زەپ سىرلىق بىر دۇنيا.
ئاق، سېرىق، ھال، يېشىل تۈۋرۈك تاشلىرى،
بولغانمۇ تەبىئىي شۇ يەڭلىغ پەيدا؟!

غارىدىكى زۇمرەتتەك سۇمۇ ئاجايىپ،
تاشلاردىن تامچىلاپ بولۇپتۇ بىر كۆل.
تەيخۇدا پاراخوتقا چىقماستىن تۇرۇپ،
چىقتىممەن قولۋاققا تەلپۈنۈپ كۆڭۈل.

دېدى سۇ ئۈستىدە قولۋاقچى قىزچاق:
سۇڭ ۋۇكۇڭ بىر زامان بۇ جايدىن ئۆتكەن،

① مولىدوڭ — جياڭسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

ئارزۇ تۇلپارىنى باغلاپ كېلىشكە،
ھېكمەتلىك ھاسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

دېدى ئۇ: ۋاڭ يەنمىڭ① مۇشۇ ئۆتكۈردە،
ئولتۇرۇپ بىر زامان نەزمىلەر يازغان،
قومۇشنى قەلەم قىپ. قار - تەرنى سىيا،
تەپەككۇر كانىدىن دۇر - گۆھەر قازغان.

خۇشلاشتۇق، رىۋايەت تۈگىدى شۇنداق،
قىز كۈلۈپ ياغلىقنى سىلكىتىپ قالدى،
بولسىمۇ ئۇ ئېيتقان گەرچە رىۋايەت،
قەلبىمنى قانچە كۈن لەرزىگە سالدى.

## گۇەنجاڭسەنگە چىققاندا

تەيخۇ بويى — جۇيىزىلارلىق ئېچىدىن،
قەدەم قويسام گۇەنجاڭسەن②نىڭ كۆكسىگە؛
قولتۇقىمدىن يۆلەپ ئالدى دوستلىرىم،
ئېلىپ چىقماق بولۇپ تاغنىڭ ئۈستىگە.

«رەھمەت!» دېدىم مەن ئۇلارغا ئاشۇ چاغ،
ئىرادەم بار، يار - يۆلەكسىز چىقىشقا،

① ۋاڭ ×× — جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ بىرى.
② گۇەنجاڭسەن — تەيخۇ بويىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

خان تەڭرىگە چىققان يىگىت قانچە رەت،
گۆەنجاڭگىپكىغا ① چىقالمىسۇن نىمىشقا؟!

كۆلدى دوستلار بۇ سۆزۈمدىن زوقلىنىپ،
مەنمۇ ماڭدىم ھەر قەدەمدە روھلىنىپ.
چىققىنىمدا تۈنجى بولۇپ چوققىغا،
قاراپ قالدى ئەسكى پوتەي② چوقچىيىپ.

بولدى قايىل غەيرىتىمگە تاغمۇ ـ تاش،
«ئاپىرىن» دەپ دوستلارمۇ تەڭ سۆيۈندى.
قاراپ باقسام تەيخۇغا مەن ئاشۇ چاغ،
مەيگە توشقان پىيالىدەك كۆرۈندى.

## بامبوكتىكى خاتىرە

ئۆزۈپ بىر كۈن پاراخوت بىلەن تەيخۇدا،
سەيلە قىلدۇق قانچە ئارال ـ باغلارنى.
كۆردۇق بۇندا گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلغان،
ئۈستى گۈلشەن، ئاستى بۇلاق تاغلارنى.

يانغاندا بىز ئەڭ ئاخىرقى ئارالدىن،
يولىمىزدا يۈز ئاچتى كەڭ بامبۇكزار.

① گۆەنجاڭگىپك — شۇ تاغدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا.
② ئەسكى پوتەي — تاغ چوققىسىدا ئەينى يىللىرى ياپونلار سالغان قاراۋۇلخانا.

ئۆسكەن ئىگىز بۈك ـ باراقسان بامبۇكلار،
ئۇز يېشىللىق ئالىمىدەك نۇرلىنار.

تىزرۇپ قالدىم كۆرۈپ بىردىن ئاشۇ چاغ،
ئالدىمدىكى يوغان بامبۇك غولىنى،
بامبۇك غولى نەقىش قىپتۇ ئۆزىگە،
گۈل ئورنىدا گۈزەل ئۇيغۇر خېتىنى.

ئوقۇپ كۆرسەم بامبۇكتىكى بۇ خەتنى،
ئۇيغۇرغا خاس «مۇسا» دېگە ئىسمىكەن.
سۈرۈشتۈرسەم دوستلىرىمدىن كېيىنچە،
قارامايلىق زىيارەتچى يىگىتكەن.

كۈلۈپ كەتتىم زوقۇم كېلىپ ئۆزۈمچە،
خەتنى پىچاق بىلەن ئويۇپتۇ.
بىزدىن بۇرۇن كەلگىنىنى بىلدۈرۈپ،
ئۆز ئىسمىنى شاھىت قىلىپ كېتىپتۇ.

ئويلاپ قالدىم، خەتكە ئۇزاق تىكىلىپ،
بۇمۇ ياخشى خاتىرە ئىكەن، بولغۇدەك.
كېلىپ قالسا، بىر زامانلار نەۋرىمىز،
«بوۋاملارمۇ كەلگەن ئىكەن» دېگۈدەك.

## تەيخۇدا سەھەر

تۈن پەردىسى زېرىكتىمۇ نەگىدۇ،
كېتىپ قالدى كائىناتتىن يىراقلاپ.

سۈبھە قىزى چىقىپ كەلدى ئۆيۈڭدىن،
زەردىن ئۈزۈلۈق لېچەك سېلىپ پارقىراپ.

كۆلدە لەيلەپ يۈرگەن ئاپئاق تۇمانلار،
شالاڭلاشتى ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈپ.
تاغ باغرىدا تېنەپ يۈرگەن بۇلۇتلار،
ئوتقاش كەبى رەڭگە كىردى قىزىرىپ.

مىنۇت ئۆتمەي، ئۆرلەپ چىقتى قىزىل شار،
كۆل ئىچىدىن يالقۇنلىنىپ نۇرلىنىپ.
بېلىقلار مۇ چىقتى شوخغۇپ ئۈستىگە،
تاڭ پەيزىدىن راھەتلىنىپ - كېرىلىپ.

گويا ئەينەك يۈزىگە كۆل چاچقاندەك،
تۇس ئالدى كۆل سۈيى رەڭدار - قارىسام.
يەلپۈنگەندە ئارچا - قارىغاي شاخلىرى،
تاڭ پەردىسى سۈندى ماڭا ئالتۇن جام.

ئۆرلىگەنچە كۆلدىن ئۇزاپ ئاشۇ شار،
سۇ بېتىدىن كەتتى ئاستا قىزىللىق.
چاچىلىۋ بولدى ئەمدى كۈمۈش تەڭگىلەر،
نۇر يېيىپدا جىلۋە قىلىپ يېقىملىق.

1986 - يىل، 11 - ئاي، ۋۇشى-ئۈرۈمچى.

## ئىككى سۇنىڭ سۆھبىتى

(مەسەل)

ئېرىق بويى كۆلچەكتىكى سۇزۇك سۇ،
ئېقىن سۇغا بىر دەمنى نەزەر تاشلىدى.
پەخىرلىنىپ ئۆز - ئۆزىدىن كۆرەڭلەپ،
كۆڭلىدىكى گەپنى مۇنداق باشلىدى:

كۆرسەم سېنى قاچان بولسا قېرىنداش،
شاۋقۇن سېلىپ، تەلەتىلىڭ سەت ئاقىسەن.
نەدە بولسا لاي - لاتقۇ، تاش ئېگىز-پەس،
تەلۋىلەرچە ئۆز - ئۆزۈڭنى ئاتىسەن.

جاۋاب بەردى كۆل سۈيىگە ئېقىن سۇ:
مېنىڭ جېنىم - توختىماستىن ئېقىشتا.
سەن كۆرمىگەن ياخشى خىسلەت - ئىززىتىم،
كۆكرىكىمنى تاش - تۇپراققا يېقىشتا.

1987 - يىل. 4 - ئاي، قەشقەر.

## مەيىن شامال

مەيىن شامال،
ئىللىق شامال، خۇش بۇي شامال.

سەن تەبىئەت ـ ئەركىسىمۇ تېنىم تاپماس؟
باغ ـ چۆلىمىز، تاغلارىمىز قۇچاقلايسەن،
سەن باھارنىڭ ئەلچىسىمۇ كېزىپ ھارماس؟

مەيىن شامال،
ئىللىق شامال، غۇر ـ غۇر شامال،
شۇ تاراتقىنىڭ گۈل ھىدىمۇ؟
ئۇرۇلسەن، يۈزلىرىمگە شۇنچە ئىللىق،
ئېيتقىنا سەن يار مەڭزىمۇ ـ كۈن نۇرىمۇ؟

مەيىن شامال،
ئىللىق شامال، نازلىق شامال،
شوخ يېقىملىق خۇلقىڭ بىلەن جىلۋىگەرسەن.
ئادەم ئەمەس، يەر زېمىنمۇ ساڭا ئاشىق،
قىشنى يازغا ئايلاندۇرار سېھىرگەرسەن.

مەيىن شامال،
ئىللىق شامال، ئەركىن شامال،
ئېيتسام ساڭا: بۇ دىيارنىڭ ھوزۇر سەن.
كەلسەڭ ئۇچۇپ، دەل ـ دەرەخلەر ئىگىشەر باش.
ھەر توپ گىياھ، گۈل چېچەكنىڭ غورۇر سەن.

مەيىن شامال،
ئىللىق شامال، بەگباش شامال،
مېھرىڭ بىلەن ئېرىپ كېلەر تاغ سۇلىرى.

سۇغا قانغان باغلار چىمەن، تاغلار چىمەن،
كۆيلەر سىنى يۇرتىمىزنىڭ بۇلبۇللىرى.

مەيىن شامال،
ئىللىق شامال، ئۈنسىز شامال،
پەسلى باھار تىنىقىدىن گۈل پۇرايدۇ.
تاغنىقى يوق، قىز - جۇۋانلار يەلپۈشىدىن،
تېنى يايراپ ئېتىزلاردا چاچ تارايدۇ.

مەيىن شامال، ئىللىق شامال، نازۇك شامال،
ھۇزۇر ئېلىپ سەندىن ھەركىم شاد ياشايدۇ.
«يارىم مېنىڭ كېلەمدۇ - يوق، ئېيتچۇ شامال؟»
يىگىتلەرمۇ تەشنا بولۇپ گەپ سورايدۇ.

مەيىن شامال،
ئىللىق شامال، غۇر - غۇر شامال!
سەندە ھايات، تەبىئەتنىڭ تىنىقى بار.
ئۈن - تېۋىشسىز ئۆتكەن سىلىق سوقۇشىدا،
ئارزۇ - ئۈمىد سوبھىسىنىڭ يورۇقى بار.

مەيىن شامال،
ئىللىق شامال، خۇش بۇي شامال،
ئارزۇيۇمنى ئېلىپ كەتكىن يىراقلارغا،
سوقۇپ تۇرغىن توختىماي ھېچ، تەشنائى زار —
دىيارىمنى تولدۇرۇپ خۇش پۇراقلارغا.

1987 - يىل، 4 - ئاي.

## بۇ قىسمەتكە نېمە دەي؟

ئىچىم ئاغرىپ قاراپ قالدىم ئۆزۈمچە،
ھويلامدىكى رەڭدار ھەشقىپىچەككە.
ئامراق ئىكەن، بۇ بىچارە ئەزەلدىن.
پېلەك تارتىپ چىقىش ئۈچۈن ئېگىزگە.

چىقىۋاپتۇ بۇگۈنمۇ ئۇ يامىشىپ،
بىر تال يىپتا ھويلىنىڭ باغ تېمىدا.
يول بەرمەپتۇ تېخى قويۇق ياپرىقى،
سايە تاشلاپ نۆۋەر ئۈزۈم تېلىدا.

كۆردۈم قىزىق مۇنداق ئىشنى ئەتىسى:
تاڭ سەھەردە چىقسام ھويلا - ئارامغا.
يامىشىپتۇ بىر تال غولى شۇ گۈلنىڭ،
يىپتىن ھالقىپ، سۇۋاقتىكى سامانغا.

سۇۋاقتىكى سامان زادى قانچىلىك؟
سۇنۇپ چۈشتى شامالدا ئۇ تۇرالماي،
غولاپ كەتكەن گۈلنىڭ غولى، غۇنچىسى.
لايغا پاتتى، ئۆز ئورنىدىن قوپالماي.

ھەسرەت بىلەن ئويلاپ قالدىم بىر ھازا:
بۇ قىسمەتكە يىغلايمۇ، يا كۈلەيمۇ؟!
چىقىش ئۈچۈن ياكى ئاڭا قايتىدىن.
يىپتىن بىرنى تامغا تارتىپ بېرەيمۇ؟!

1987 - يىل، 5 - ئاي.

# باھاردا يېزىلغان شېئىرلار

(چاتما شېئىرلار)

## باھار سۈرىتى

تاغدا چىققان ئىللىق باھار شامىلى،
تېرەك بوستان چاچلىرىنى تارايدۇ.
كەڭ دالادا ئالتۇن چېچەك جىگدىنىڭ،
خۇش بۇيى ھىدى ئىپار كەبى پۇرايدۇ.

كاككۇك مەسخۇش سايراپ كېتەر بۇ چاغلار،
بۇلۇڭ - باراقسان تېرەكلەردە توختىماي.
قۇشقاچلارمۇ ئوقۇر كۈنگە مەدھىيە،
چۇرۇقلىشىپ مەجنۇن تالدا ئۇخلىماي.

تاغشا ئېيتار بەس - بەس بىلەن تورغايلار،
كۆك قەھرىدە ئەركىن قانات قېقىشىپ.
يۈرەر باغدا ئىشچان ھەسەل ھەرىسى،
گۈلدىن — گۈلگە قونۇپ شىرنە يىغىشىپ،

جىنان گۈلى بىر چىرايلىق ئېچىلغان،
ئېرىق بويى قېلىشمايدۇ چىمەندىن.
ئۆركەش ياساپ ئاققان سۇنىڭ شاۋقۇنى،
قېلىشمايدۇ كۈيى ياڭراق تۇمەندىن.

تۇتاش كەتكەن بىپايان كەڭ باغلاردىن،
قىزىل گۈلنىڭ خۇش بۇي ھىدى پۇرايدۇ.
ئۈزۈپ چىقسا، ئېچىلغاننى باغۋەن قىز،
ياش يىگىتلەر «يېڭىلىق» دەپ سورايدۇ.

تۈنۈگۈنكى قىزغۇچ ئۆرۈك شېخىدا،
بۈگۈن غورا كەھرىۋادەك تاۋلىنار.
تورۇلغۇلار ماكان قىلغان شاخلاردا،
ئاق ئۈجمىلەر ساڭگىلاپ مەي باغلىشار.

## ئۇنتۇمايمەن

«ئۇنتۇ» دېسە، بىراۋ ئەگەر ئۆتمۈشىڭنى،
ئۇنتۇي — ماقۇل، تۇغۇلغان شۇ كۈنۈمنى.
بېرەي قەسەم، ئەسلىمەسكە مەيلى بۈرۈن —
ئۆز بېشىمغا كېلىپ كەتكەن ئۆلۈمنى.

بىراق، ئۆزۈم ھايات تۇرۇپ سەزگۈم بىلەن،
ئۇنتالمايمەن، پەقەت ياشلىق باھارىمنى.
شۇ ياشلىقىم — شۇ باھارىم بەخش ئەتكەن،
تۇنجى سۆيگۈ، سۆيگەن تۇنجى نىگارىمنى.

ئەسكە ئالسام شۇ دەۋرىمنى ھاياجاندا،
بىر ھېس مېنى چۇلغار قايتا تۇغۇلغاندەك.
كۆرۈندۇ يار ئالدىمدا شۇنچە - يېقىن،
تىنىقلىرى يۈزلىرىمگە ئۇرۇلغاندەك.

خىيالىمنى رېئال ھايات بۇزۇۋېتەر،
قەلبىم ھىجران قەپىزىدىگە تۇتقۇن مانا.
يارنى ئەسلەپ مۇڭلانغاندا مىسكىن دىلىم،
ھېچكىم كېلىپ بىر تەسەللى بەرمەس ماڭا.

## ئۆستەڭ سۈيى شارقىرا

كېلىپ ھەر كۈن تاڭ سەھەردە بويۇڭغا،
ئاۋازىڭغا جىمجىت قۇلاق سالىمەن.
شارقىرايسەن شۇنچە ھەيۋەت، رىتىملىق،
دولقۇنىڭغا تويماي قاراپ قالىمەن.

شاۋقۇنلىرىڭ گويا سىرلىق كۈي كەبى،
دىل تارىمنى چېكىپ مۇڭلۇق ئاڭلىنار.
ئۆركەشىڭدىن چاچراپ چىققان بۇژغۇنلار،
كۈن نۇرىدا ئاق تەڭگىدەك تاۋلىنار.

سېھىرلىنىپ ئاشۇ مۇڭلۇق كۈيۈڭدىن،
مۇزاققىچە بويلىرىڭدىن كەتمەيمەن.
ئەسكە چۈشۈپ جان ئانامنىڭ «ئەللەيى»
بۆشۈكتىكى چاغلىرىمنى ئەسلەيمەن،

شاۋقۇنىڭدا نېمە خىسلەت بار سېنىڭ؟
ئاڭلىنىدۇ ماڭا شۇنچە يېقىملىق.
شېئىرىمۇ سەن ياكى گۈزەل بىر ناخشا،
مۇزىكىسى ئۆزى بىلەن يېزىقلىق؟

شارقىراپ ئاق!
ئۆستەڭ سۈيى شارقىرا!
قايناملىرىڭ يۈگەپ كەتسۇن مېنىمۇ.
ئېقىپ كېتەي، ئۆركىشىڭگە قوشۇلۇپ،
كىرە سېلىپ، چىڭ قۇچاقلاپ سېنىمۇ.

## شاۋقۇن سېلىپ ئاققان سۇ

شاۋقۇن سېلىپ ئېقىپ ئۆتكەن ئاشۇ سۇ،
ئېقىپ بارار نەگە شۇنچە ئالدىراپ؟!
ئۇرار نېچۈن ئۆز كۆكسىنى غەزەپتە.
يانتاق ئۆسكەن قىرغاقلارغا شارقىراپ،

جاۋاب بەردى بۇ سوئالغا قىرغىكى،
جىنغان كۆلى بەرگىدە سۇ تامچىلاپ.
سۈدىن يىراق رەڭگى سولغۇن قىزىل گۈل،
يۈركىمنى ئۆلتۈ ئۇنسىز قامچىلاپ.

## ياپراقنىڭكى نازۇك «سىر»

تۈندە قارا رەڭگە كىرگەن ياپراقلار،
سۆبە يورۇپ زۇمرەت كەبى تاۋلىنار.
ئۆپۆق يىرىپ چىققىنىدا زەر قۇياش.
نۇر ئىلكىدە قىزىل قاندەك يالتىرار.

ئۆرلىگەچكە مىنۇتسېرى قىزىل شار،
ياپراقتىكى قىزىل يالقۇن يوقايدۇ.
«شىلدىر ـ شىلدىر» پىچىرلىشىپ يېقىملىق،
ئۆز تېنىنى سارغۇچ رەڭگە بويايدۇ.

كۈلكىسىمۇ، جىلۋىسىمۇ ياپراقنىڭ،
پىلدىرلىشىپ مىڭ خىل رەڭدە چاقنىغان؟
گاھى قىزىل، گاھى سېرىق، گاھى كۆك.
رەڭ ئۆزگەرتىپ زادى تىنىم تاپمىغان؟

ئەسلى يېشىل رەڭگى بىلەن ياپراقلار،
كۈتۈپ ئالار ھەر يىل باھار پەسلىنى.
كۈز كەلمىسە، ياكى تېخى ئالدىراپ،
ئۆزگەرتىدۇ نېمىچۈن ياپراق رەڭگىنى؟

1987 - يىل، 5 - ماي.

## ئىككى خىل «تەقدىر»

ھەسەل ھەرە گۈل پۇرايدۇ گىژىلداپ،
كېپىنەكمۇ ئۇچار باغدا پىرىلداپ.
ھەر ئىككىسى شېرىنە يىغار گۈللەردىن،
ئۇچۇپ كېلىپ يىراق - يېقىن يوللاردىن.

كېپىنەكنىڭ بىر ئىشىغا ھەيرانمەن،
چۈشەنمەستىن ئىچ - سېھرىنى سەرسانمەن:

ئېمىشقا ئۇ، گۈلدىن ئېرى كەتمەيدۇ؟
يا ئۆزىدىن باشقىغا نەپ بەرمەيدۇ؟

ھەسەل ھەرە ياشار قىسقا ئۇنىڭدىن،
بەرگىنى كۆپ تېخى قونغان گۈلدىن.
ئۆزى يېمەي، يىغىپ ئەلگە نەپ بېرەر،
شۇم ئەجەلمۇ ئۇنى بالدۇر ئەپكەتەر.

مەن ھەيرانمەن، مۇشۇ ئىشتىن ئويلىنىپ،
بەزى چاغدا ھەسرەت بىلەن تولغىنىپ:
بىرى نېچۈن ئەركىن ئويناپ ئۆتىدۇ؟
بىرى نېچۈن جاپا چېكىپ ئۆلىدۇ؟

1987 - يىل، 5 - ماي، قەشقەر.

## قۇياشقا سوئال

چىقماي تۇرۇپ تاغ باغرىدىن نازلىنىپ،
كەڭ ئۇپۇقنى قىزىل قاندا بويايسەن.
ئاشىقىدىن خىجىل بولغان مەجنۇندەك،
خېلى ئۇزاق تاغ ئۈستىدىن مارايسەن.

خىجىللىقىن دېسەم سېنى زېمىندىن،
زېمىن سېنى كۈتۈپ ئالار خوش كۈلۈپ.
كۆلكىسىدە ئالتۇن نۇرنىڭ جىلۋىسى،
چاقناپ تۇرار گويا چوغدەك نۇرلىنىپ.

ئېيتقىن قۇياش، نېچۈن يۈزۈڭ قىپقىزىل،
چىققانمىدىڭ قىزىل چوغقا كۆمۈلۈپ.
قىزاردىمۇ ياكى يۈزۈڭ بولمىسا،
بىزدىن كېيىن چىققىنىڭغا ئۇيۇلۇپ؟

1987 - يىل 5 - ئاي. قەشقەر

## ئېقىن رىشتە

«ئۆمۈر ئاققان سۇ» دەپتىكەن ئەجدادىمىز،
يانمىغاچقا ئېقىپ ئۆتكەن سۇ كەينىگە.
بۈگۈن بىردىن ئۆستەڭدىكى سۇغا قار
كېلىپ قالدىم يېڭىچە بىر ئوي - پىكىرگە:

ئۆتكەن ئۆمۈر - ئاققان سۇدەك ئۆتكىنى راست،
لېكىن مەڭگۈ توختىماسكەن ئېرىقتا سۇ.
ئېقىن رىشتە تۇتاش ئىكەن زەنجىرسىمان،
جىلغىلارغا (تەبىئەتنىڭ قانۇنى بۇ).

ھاياتلىقمۇ ئوخشايدىكەن شۇ ئېقىنغا.
سۇ كەتسىمۇ تاغلار قۇرۇپ قالمايدىكەن.
بىرى ئۆلسە، بىرى كېلىپ بۇ دۇنياغا.
ئەجدادلارغا ۋارىس بولۇپ ياشايدىكەن.

1987 - يىل 5 - ئاي، قەشقەر.

## مۇنداق باھا ئادىلمۇ؟

كاسات مالنىڭ تۆۋەن بولار باھاسى،
قاراپ قويماس ھەتتا ئاڭا خېرىدار.
ياخشى مالنى قولدىن بەرمەس ھېچ كىشى،
بولسا پۇختا ئۆز كەسپىگە ئۇستىكار.

دېدى بىرسى ئەيمەنمەستىن يېقىندا:
كاساتلاشتى «شېئىرىيەت» بازىرى،
ئاۋاتلاشتى بۈگۈن يەنە قايتىدىن.
ئىزى ئۆچكەن مەددالارنىڭ مازىرى.

ھەيران بولۇپ سوئال قويدۇم ئۆزۈمگە:
شېئىر ئۈچۈن مۇنداق باھا ئادىلمۇ؟
«كاسات» دېسە، زادى كاسات قايسىسى،
شېئىرمۇ يا، ئۇنى يازغان شائىرمۇ؟

جاۋاب بەردى بۇ سوئالغا ۋىجدانىم:
«كاسات» شائىر بىركى، «كاسات» شېئىر يوق،
بار دېيىلسە، ئۇنى يازغان شائىردا —
شېئىرگە خاس يېڭى ئۇسلۇب، پىكىر يوق.

شېئىر دېگەن چىن يۈرەكنىڭ ساداسى،
ئۇ پۈتكۈسى يۈرەكتىكى قان بىلەن.

«شېئىر چىقماس شاتۇتىدەك ئىنسانىدىن،
ھېسابلاشسا، يازماي تۇرۇپ جان بىلەن.

× × ×

«كاسات» مالنىڭ تۆۋەن بولار باھاسى،
شېئىرلارمۇ خالى ئەمەس ئۇنىڭدىن.
يازالمىساق، يازماي قويغان كۇپايە،
ئافىرىنىمىزچە خېرىدارنىڭ سۆزىدىن.

1987 - يىل 6 - ئاي قەشقەر.

## ئوخشاشمىغان تىلەكلەر

I

دۇنياغا كۆز ئېچىپ چۈشكەندە بوۋاق،
دېيىشتى قوشنىلار:
— مۇبارەك بولسۇن!
— رىسقى چوڭ بولسۇن!
— دۆلىتى زىيادە، بەختى ئۇلۇغ بولسۇن!

II

بەختكە ئېرىشتى بوۋاق ياشلىقى
دېيىشتى قايتىدىن ئاشۇ قوشنىلار:

— ئۇ يامان، ئۇ پاسىق —
ئۆمرى ئاز بولسۇن!
— ئۇ بېخىل، ئۇ تويماس —
كۆنى خار بولسۇن!
— ئۇ قاتىل، ئۇ تەلۋە
گۆرى تار بولسۇن!

III

ئۆلگەندە ئاخىرى بوۋاق ياشىنىپ،
دېيىشتى يېڭىدىن يەنە قوشنىلار:
— ئۇ مىسكىن، ئۇ مۆمىن ياخشى بەندىتى،
— ئۇ دانا، ئۇ ئالىم، ياخشى مەرھۇمتى،
— تەلىپى - دۇئاسى ئىجاۋەت بولسۇن!
— ياتار جاي - ماكانى جەننەتتە بولسۇن!

1987 - يىل 7 - ئاي، قەشقەر.

## بىراق...

ئانارگۈلى
تەشنىكىدە باراقسان،
غۇنچىلاپتۇ، ئېچىلاي دەپ.
بىراق
ھەشقىپىچەك
يامىشىپتۇ ئۇنىڭغا،

مەنمۇ ساڭا ھەمراھ بولۇپ قېتىلاي دەپ.
مەيلىسۇ،
بولسا ھەمراھ بارچە گۈل،
بىر گۈلشەن
بىر باغدا
ئۆسۈپ ـ يېتىلىپ،
لېكىن چىقمىسا دەيلى
ئانار گۈلىنىڭ باھانىسىدا سىتىلاي، دەپ.

1987 ـ يىل 7 ـ ئاي، قەشقەر.

## يوقمۇ؟

سېنىڭدىن مەن سوراي جانان، سېنىڭ كەلمەس كۈنۈڭ
يوقمۇ؟
كېلىپلا بىر كۆرۈنمەكتىن، يەنە ئۆزگە ئويۇڭ يوقمۇ؟

ئەگەر شۇنداق ئويۇڭ بولسا، سېنى كۆرمەس ئىدىم ھەرگىز،
لېكىن ھەركۈن كۆزۈمدە سەن، ئۆتەر پىنھان يولۇڭ يوقمۇ؟

نابۇت قىلدى مېنى قات ـ قات، قاراقىڭدىن ئېتىلغان ئوق،
چىقىپ ياندىن ئالارجاننى، ئۇنىسىز باشقا ئوقۇڭ يوقمۇ؟

جېنىم كۆيسە، تېنىم كۆيمەس ئاشۇ ئوتتىن بىزاربولدۇم،
جېنىم بىرلە تېنىم ئوخشاش كۆيەر كۈچلۈك ئوتۇڭ يوقمۇ؟

بېشىدا چوڭ بالا بولدى يۈرەكنى ئۆرتىگەن جىلۋەڭ،
ماڭا كۆلكە ـ تەبەسسۇمدىن يەنە ئۆزگە خۇيۇڭ يوقمۇ؟

نىيازى خۇش بولۇر سۆيسەڭ ئۈمىدىمدىن چىقىپ ھەركەچ،
قىرچاقلاپ ئىشىق شارابىنى ئالار يەنە قولۇڭ يوقمۇ؟

1987 ـ يىل 8 ـ ئاي، قەشقەر.

## كائىناتتىن تەرمىلەر

### 1

يەر ئايلىنار
(ئۆز ئوقىدا)
ئادەم
تەبىئەت
بارچە مەۋجۇدات،
خاكىچە، خاكۇندۇز قىزىياشقا تەشنا.
يىراق،
يىرلا كۆك ئاسمان
ئۆزگەرمەي،
ئايلانماي،
كۈندۈزى كۈنگە
ئاخشىمى ئايغا بولىدۇ ھەمراھ.
مەن ئويلايمەن:
بۇ بوشلۇق ئەمەستۇر تىنىچ،

كۈننى ئايمى قوغلار،
ئاي كۈننى قوغلار.
ئاشىق - مەشۇقتەك بولۇشۇپ شەيدا،
مەن بىلمەن:
بۇ شەيدالىق
ئاخىرى ۋىسالغا ئاچىدۇ قۇچاق.
ۋىسالىدىن
مۇھەببەت تاپىدۇ روناق.
ئاي بىلەن كۈن ئۇچراشقاندا،
ۋىسال ئىزلەپ تېپىشقاندا،
چېھرىدىن بىر سەھەر بولىدۇ پەيدا.

I

سەھەر...
ئۆرلىگەندە قىزىل شار،
ئۇپۇق يۈزى،
يەر ئاسمان
(جىمى نەرسە)
كۆزلىرىمگە سۈرەت كەبى كۆرۈنەر.
ئۆرلىگەنچە
قۇياش يەردىن يىراقلاپ،
بۇ گۈزەللىك
بۇ روشەنلىك
ئاستا - ئاستا يوقالغاندەك سېزىلەر.

كۆز ئالدىمدا،
خىيالىمدا،
ھەممە نەرسە تۇمانلىق
بىلمەيمەن قايسى ئۇپۇق،
قايسى ئاسمان،
قايسى يەر؟...

III

ئايغا باقتىم خېلى ئۇزاق،
چىقمىدى.
يۇلتۇزلارمۇ ئايغا بىر سۆز —
ئېيتمىدى.
قانداق قىلاي؟!
نېمە چارە؟!
بۇلۇتلارغا سىڭىپ كەتتى كۆز يېشىم،
ئاھ، دەردىمگە بۇگۈن ھېچكىم يەتمىدى.

1987 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر.

## يېشىلمىگەن تېپىشماق

I

ئالدامچىمۇ ھايات ئۆزى بىلمىدىم،
تۇغۇلۇپلا يىغلىسام،

بۆشۈك بىلەن ئاق سۈت بەردى تۇنجى رەت.
ئەجەبا...
بۆشۈكىمدە ئۇخلىسام،
(ئاق سۈت بىلەن مەست بولۇپ)
ھېچكىم مېنى قولغا ئالماس پەپىلەپ؟!

## II

ھايات ئۆزى ئالدامچىمۇ بىلمىدىم،
كۆزۈمدە ياش ئەسلىسەم:
ياشلىقىمنى ئوغرىلىدى مۇھەببەت.
كۆيدۈردى،
سۆيدۈردى،
(ئارزۇ - ئارماندىن)
ھەسرەت بىلەن قالدى قاقشال تەن پەقەت.

## III

ھايات ئۆزى ئالدامچىمۇ بىلمىدىم.
ئادەملەرنى ئويلىسام:
بىرسى ماختاپ «ئاي» دېدى.
بىرسى «زالىم باي» دېدى.
قايسى يالغان،
قايسى راست؟
قايسى دۈشمەن

قايسى دوست؟!
مەن بىلمىدىم،
مەن بىلمىدىم!
بىرسى «خۇش بۇي گۈل» دېدى.
بىرسى «ئۆچكەن كۆل» دېدى.

## IV

ھايات ئۆزى ئالدامچىمۇ بىلمىدىم،
مىسال كەلتۈرەي:
مەن كۈلمىسەم، كۈلمەيسەن،
مەن بەرمىسەم، بەرمەيسەن،
سەن ياخشى
مەن ياخشى
(دېسەم قاپاق تۈرمەيسەن)
كۈلمىسەم، بەرمىسەم،
مەندىن يامان يوق.
كۈلمىسەڭ، بەرمىسەڭ
سەندىن يامان يوق.
دېمەك، جاھاندا،
سەن مېنى
مەن سېنى
مۇشۇنداق ئالداپ ئۆتىمىز،
ئاخىر بىر كۈن ئۆلىمىز.

1987 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر.

## نەتۇر كەلگەن قىسمەتلەر

(چاتما شېئىرلار)
### سۇرۇشتۇرسەك...

تېگىمىزنى سۈرۈشتۈرسەك،
ئەسلىدىن
ئاتىمىز بىر،
ئاتىمىز بىر،
بوۋىمىز بىر.
تىلغا كەلسەك بىر تىلدا سۆزلەيمىز.
بىراق نەتۇر كەلگەن «قىسمەت»تىن،
ئوي باشقا،
ئۆي باشقا،
خۇي باشقا،
ھەممە ئىشتا ئۆزىمىزنى كۆزلەيمىز.
ئېشىپ - تېشىپ تۇرسىمۇ پۇل - ئىشىمىز،
باشقىلارغا ئازراق بېرەي، دېمەيمىز.

### مېنىڭ نامىم

گۈل تېرىپ،
گۈل يىقىپ،
پەرۋىش قىلسام چىمەندە،

نامىم پەقەت «گۈلچى» دەپلا ئاتالدى.
گۈل ئۈزۈپ،
گۈل قىسىپ،
سېتىپ كەلسەم بازاردا،
«باغۋەن» بولۇپ نامىم يۇرتقا تارالدى.

## بوۋاق

بوۋاق!
(نادان بوۋاق، سەبى بوۋاق)
مەن قېشىدا ئولتۇرۇپ،
بۆشۈكىنى تەۋرەتسەم؛
قوشاق قېتىپ ئەللەيلىسەم.
يىغلاپ زادى تىنمىدى.
قىزدىق يېرى:
بۆشۈكىنى تەۋرەتمەي،
قوشاق قوشۇپ ئەللەيلىمەي،
بىلىكىدىن چىمدىسام،
يىغلاپ - يىغلاپ بىرەمدىلا ئۇخلىدى.

## قىرغاۋۇلنىڭ زارى

ئۇچۇپ باقتىم،
قېچىپ باقتىم،
تۇرۇپ باقتىم،

قۇتۇلمىدىم، يەنە بۆرە ئاغزىدىن.
قاراپ باقسام،
ساناپ باقسام،
ئاز ئەمەسكەن قېشىمدا،
تۇلكىلەرمۇ چىل بۆرىلەر سانىدىن.

**ۋاپاسىز يار**

تۇغۇلۇپلا كىچىككىمىدىن ئانامدىن،
ئاشىق بولغان،
خۇشتار بولغان،
(ئۆزگە ئەمەس، ساڭىلا)
سەنمۇ مېنى چۈشەنگەندەك ئەركىلەپ،
پەرۋانىدەك،
مەستانىدەك،
يېپىشقانتەك سۆيگۈ ئىزلەپ ماڭىلا.
نېم بولدى؟
كۆز تەگدىمۇ بىلمىدىم:
چوڭ بولۇپلا قېچىپ كەتتىڭ قېشىمدىن.
قوغلاپ بېرىپ مەن ئۆزۈمنى ئوخشىتىپ،
كاچات يېدىم تېخى يەنە سېنىڭدىن...

1987 - يىل 9 - ئاي. قەشقەر.

**ئەركىلەتمە ئوغلۇڭنى**

**ئەزىز ئاتا،**
ئەركىلەتمە ئوغلۇڭنى،

ئۆز قولۇڭدا، ئۆز بويىنۇڭغا مىندۈرۈپ.
كۆكلۈك ئايان، دەيسەن:
يۈرەك پارەم ئۇ،
باقاي شۇنداق كىچىكىدىن كۆلدۈرۈپ.

كۆلۈپ بەرسە مەيلىتتىغۇ شۇ ئوغۇل،
چوڭ بولسىمۇ قاپاق تۈرمەي سۆيدۈرۈپ.
ئۆتەر ئىدىڭ سەنمۇ خۇشال، بى ئارمان،
ئۆمرۈڭ بويى يەيمەي - ئىچمەي كىيدۈرۈ

بىراق كۆلكە كېلىشۈرمەس ھەممە چاغدا
چىقىپ كېتەر كۆلگەندىمۇ كۆزدىن ياش.
تېگىپ كېتەر بەزى چاغدا توساتتىن،
ئامراقلىقتىن ئۆز يارىڭغا ئاتقان تاش.

ئەركىلەتكىمۇ ئوخشار ئاشۇ چاقماققا،
كېلىپ چىقار چەكتىن ئاشسا قارامىلىق.
بالا بولۇر چوڭ بولغاندا ئۆزۈڭگە،
سىڭىپ قالسا، ئەركىلىككە نادانلىق.

چۈنكى بۈگۈن مېنگەن ئوغۇل بوينۇڭغا،
مىنەر يەنە شۇ ئادەتتىن قالمىسا.
چىدالامسەن، ئېيتقىن ئاتا، ئەتىمۇ —
ئۆز پەرزەنتىڭ - ئۆز بېشىڭدا يايرىسا؟

ئەزىز ئاتا،
ئەركىلەتمە ئوغلۇڭنى،
ئۆز قولۇڭدا، ئۆز بوينۇڭغا مىندۈرۈپ.
چوڭ بولسىمۇ مىنىپ ئالار بەزىلەر،
قويساڭ شۇنداق كىچىكىدىن كۆندۈرۈپ.

1937 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر.

## كۆڭۈل

(قىز تىلىدىن)

ئاي ئاسماندىن قارايدۇ،
يار پىنھاندىن مارايدۇ.
چىقسام ئانام تالاغا،
چىۋىق بىلەن ساۋايدۇ.

تاياق ماڭا ئۆتمەمدۇ؟
ياكى كۆڭلى يەتمەمدۇ؟
تەگكەن يەردىن تىنىمگە،
ئىللىق ئىقىم تارايدۇ.

1937 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر.

## يوق

مەن دىيسەم: دۇنيادا سەندەك يارىم يوق،
سەن دىيدىڭ: پۇل ـ مالدىن ياخشى جانان يوق.

شۇ سەۋەب ئىككىمىز بولدۇق بەختسىز،
دېدى يات: سىلەردەك ئەخمەق، نادان يوق.
1987 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر.

## ئاتا مېھرى

(بىر خەلق ماقالىدىن)

ئۆز ئوغلۇڭنى ئۇرساڭ ئەگەر تاياق ئېتىپ،
كەچتە ئۆيگە شۇ تاياقنى ئېلىپ كىرەر.
يات ئوغلىنى ئۇرساڭ ئەگەر ناننى ئېتىپ،
چۈشكەن جايدىن ناننى ئېلىپ قېچىپ كېتەر.
1987 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر.

## شېئىر دېسەم ...

شېئىر دېسەم، كۆز ئالدىمدا نامايان:
ئانا تىلىم - سەنئىتىمنىڭ جەۋھىرى.
نە جەۋھىرى، دىلدىن تىلغا تۆكۈلگەن،
شېرىن - شېكەر ھېس - تۇيغۇلار كەۋسىرى،

شېئىر دېسەم، كۆز ئالدىمدا نامايان:
تۇندە چاقناپ تۇرغان قۇتۇپ يۇلتۇزى.
يۇلتۇزلارمۇ ئېگىز بولسا كۆرۈنمەس.
دېسەم ھە تۇر: كۆزلىرىمنىڭ گۆھىرى.

شېئىر دېسەم، كۆز ئالدىمدا نامايان:
تەپتى ئاتەش، نۇرلۇق قۇياش كۈندۈزى.
يۈرىكىمدىن رىتىم ئالغان مىسرالار،
باھاردىكى گۈل - چېچەكلەر ئەندىزى.

شېئىر دېسەم، كېلەر يەنە ئالدىمغا:
ۋولقان بولۇپ ئېتىلغان تاغ تەسۋىرى.
كۈچ ـ قۇدرەتتە ماگما بولسا ئوبرازى،
ئۆتكۈرلۈكتە ئادالەتنىڭ شەمشىرى.

شېئىر دېسەم، كېلەر يەنە ئالدىمغا:
ياۋغا ئەجەل ـــ ئەلنىڭ پولات خەنجىرى.
ئۇلۇغ غايە، بىر مەقسەتتە تۇتاشقان،
مىليون دىلنىڭ پولات ئارقان، زەنجىرى.

شېئىر دېسەم، كۆز ئالدىمدا نامايان:
يۈرەكتىكى قىزىل قاننىڭ جەۋھىرى.
شۇ جەۋھەردىن - ئاق بەتلەرگە تامچىغان،
نەپرىتىمدۇر ـــ زەھىرى ئاچچىق دۈشمەنگە،
دوستلار ئۈچۈن ئۇ سۆيگۈمنىڭ كەۋسىرى.

1987 - يىل 10 - ئاي، قەشقەر.

## كۆكۈيۈننىڭ ھېيلىسى

(مەسەل)

گۈللەرگە قونغاندا سەبى كېپىنەك،
كۆكۈيۈن چىدالماي كەتتى تىپىرلاپ،

ئۆچتى ئۇ: «ئېشەكنى تاپايچۇ مەنمۇ»
دېگەن ئوي – خىيالدا ئوغرىسى قايناپ،

دۆت ئېشەك بولسىمۇ ئەسلىدىن كاۋا،
بۇرۇنقى ساۋاقنى يادىغا ئالدى،
كۆكرىيۈن يېنىغا كەلگۈچە يېتىپ،
ئۆزىنى دەرھاللا ئېغىلغا ئالدى.

كۆكۈيۈن بۇ نۆۋەت ئىشىتىپ ھىيلە،
بىر قىزىق ھىيلىنى كۆڭلىگە پۈكتى.
ئېشەككە ئۆزىنى كۆرسىتىپ مىسكىن،
كېپىنەك ئۈستىدىن دەردىنى تۆكتى.

دېدى ئۇ «كېپىنەك قونمىغان ھازىر،
گۈل ئەمەس بۇ باغدا پېلەك قالمىدى.
قاراپباق، ئەدنامىسى سەن ئۈچۈن ئۈنگەن،
بۇ زېمىن – بۇ يۇرتتا چېچەك قالمىدى.

ھەممىگە چاڭ سېلىپ يۈرسە بۇ ئەبلەخ،
قاندىقمۇ چىدايلى كۆزدىن يوقاتماي؟
سەن، ماڭا بۇ جايدا ھېچ خوشلۇق بولماس،
باغدىكى گۈللەرنى تامام قۇرۇتماي.

يۈر قېنى ئەرزىدىم، بېرىپ بىرلىكتە،
كېپىنەك ئوغرىدىن ئالايلى ھېساب.

ئۇ قونغان گۈللەرنى بىز قىلىپ پايمال،
ھەممىگە ھۆكۈمران بولايلى يالماپ.

× × ×

دۆت ئېشەك بۇ سۆزگە ئىشىنىپ شۇئان،
ئېتىلدى ئېغىلدىن باغنىڭ ئىچىگە.
چاپلاشتى سالجىدەك كۆكۈيۈنمۇ تەلگە.
دوستىنىڭ مويى پەس يۇمشاق تېنىگە.

كۆكۈيۈن نەشتىرى سانجىلغانسېرى،
چاپتى ئۇ، چىدالماي شۇنچە شىددەتتە.
باغ نېمە، گۈل نېمە؟ ئىپلاس تۇياقتا،
تۈگەشتى دەسسىلىپ بۇندا بىر پەستە.

كۆكۈيۈن ئاخىرى يەتتى مۇرادقا،
دۆت ئېشەك ھېلىگە ئالدىنىپ شۇنداق،
بىچارە كېپىنەك ئايرىلىپ باغدىن.
كەتتى دەرد – ئەلەمدە قان يىغلاپ يىراق.

1987 - يىل. 10 - ماي.

## ئۇستازىمغا

(مۇۋەششەھ)

«ئەجەبمۇ بىرەھىم ئىكەن تەبىئەت،
ھېچكىمنىڭ رايىغا باقماسكەن ئۆزى.

بەزىدە ياخشىنىڭ گۈلىنى چەيلەپ،
يامانىنىڭ ئىشىنى كۆرمەسكەن كۆزى ...»

ياش تۆكۈپ دىلدا مۇڭ، تۇرۇپ سۈكۈتتە،
ئۆتكۈزدۈم بېشىمدىن مۇشۇ خىيالنى.
دېدىمكى تەقدىرگە: «يوقمىدى رەھمىڭ،
ئاھ، نېچۈن ئەپكەتتىڭ ياخشى ئۇستازنى.

سىيادا يېزىلماس مەرسىيە ئەسلى،
ئۇ شائىر قەلبىدىن تامغان قىزىل قان،
قان ئەمەس، جانىمىز ئايىماس خەلقىم،
ئەل - ۋەتەن بەختىچۈن بەرسەكمىكى جان.

ئايرىلدۇق بىر مەھەل سىزدىن چۈش كەبى،
چۇلغىدى دىللارنى ھەسرەت، مۇسىبەت.
ئەل رازى، بىز رازى، پارتىيە رازى،
بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك قىلدىڭىز خىزمەت.

شان - شەرەپ شۆھرەتنى تەرك ئېتىپ ھەر چاغ،
ئەڭ مۇشكۈل ئىشلارغا ماڭدىڭىز دادىل.
چوڭلارغا ئۆز ئوغۇل. ياشلارغا ئاتا،
بولدىڭىز ھەر ئىشتا مۇلايىم ئادىل.

ئالەمدە ئىنسانىنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا،
ۋە لېكىن ياخشىلار ياشايدۇ ئۆلمەي.

نام - ئەمەل، پۇل - بايلىق ئەمەس مەڭگۈلۈك،
تۆھپىسى، خىسلىتى قالار كۆمۈلمەي.

كەمتەرلىك كىشىگە يۈكسەك پەزىلەت،
كىبىرگە تەڭرىمۇ ئوقۇيدۇ نەپرەت.
كىم ياخشى كىم يامان؟ (ئەل بېرەر باھا)
ئايرىلار ھەر ئىنسان ئۆلگەندە پەقەت،

ئىلىم - پەن ئەھلىنى ئەسلەيدۇ خەلقىم،
ئەسلەيدۇ سىزنىمۇ پىداكار بىلىپ.
قەشقەرنىڭ مەرىپەت كۆكىدە ئۆچمەي،
ئەجرىڭىز يۇلتۇزدەك قالار نۇر چېچىپ.

رازى بىز، ئەلۋىدا! سىزدىن ئەي ئۇستاز،
ئەلۋىدا! خاتىرجەم، بىئارمان يېتىڭ.
«چاناقتىن تۆكۈلگەن ئەلنىڭ كۆز يېشى،
ياش ئەمەس، بۇ ماڭا ھۆرمەت» دەپ بىلىڭ.

1987 — يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، قەشقەر.

## تىرىكلەر ئۆلۈككە قىلمايلى ھەسەت

ئۇ، ئۆلدى.
ئۇ، كەتتى،
ئايرىلدى بىزدىن.
ياخشى نام، ئىش-ئىزى قالدى تىللاردا.

ھەممىيلەن ئۇنىڭغا تىلەيلى «جەننەت»
كۆرمىگەن،
ئۇ ھايات چېغىدا خوشلۇق،
كۆرەلمەي بەزىلەر قىلىشقان شۇملۇق.
ئەمدى ئۇ تۇپراققا كىرگەن چاغدىمۇ،
«ئۇدۇللا جەننەتكە كىرىپ كېتەرمۇ؟
خۇداغا نالىسى بېرىپ يېتەرمۇ؟»
دېگەن ئوي ـ خىيالدا قىلمايلى ھەسەت،
ئۇ ياتسۇن،

تۇپراقتا ئەمدى خاتىرجەم.
ياخشى سۆز، نام بىلەن يادلايلى دائىم،
تىرىكلەر ئۆلمەستە بولساق كەڭ قورساق.
بەزگىمىز جەننەتنى بېرەر خۇدايىم.

1987 - يىل، 11 - ئاي.

## ياشلىقىمدا يېزىلمىغان شېئىرلار

### مۇقەددىمە

ياشلىقىمدا يېزىلمىغان شېئىرلار،
دەۋا قىلىپ كەپتۇ بۈگۈن قېشىمغا.
ياش چېغىمدا مۇھەببەتنى ئاز يازدىڭ،
دەيدۇ تېخى بىرسى تېگىپ چىشىمغا.

جىلە بولدۇم ئۆز ئىچىمدە ئويلىنىپ:
نەدىن تاپتىم بۇ بالانى بېشىمغا؟

بۈگۈن قايتا مۇھەببەتتىن سۆز ئاچسام،
ياراشقايمۇ ئەمدىكى بۇ يېشىمغا؟

دېدى بىرسى چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرۈپ:
توك سۆيمىنىڭ نەدىمۇ بار لەززىتى؟
پىشقاندا ئۇ ساپىقىدا مەي باغلاپ،
تامار ئاندىن تىلنى يارار شەربىتى.

ئوخشايدۇ بىل، مۇھەببەتمۇ غورىدىن —
پىشىپ ئاستا مەي باغلىغان مېۋىگە.
ياشلىقىڭدا يېتەلمىگەن سۆيگۈنىڭ،
يېتەلەيسەن ئەمدى راسا قەدرىگە.

قايىل قىلدى مېنى ئاخىر سۆز بىلەن،
ياشلىقىمدا يېزىلمىغان شېئىرلار.
يېرىپ قوياي ماقۇل سۆيگۈ بابىدىن،
ئەپۇ قىلىڭ يار — بۇرادەر، قېرىلار.

## ھاياتلىقىمنىڭ ماڭا ئەۋزەل

ئەسكە ئالدىم بۈگۈن يەنە ناخشاڭ بىلەن —
چارەك ئەسىر بولغان ياشلىق چېغىمىزنى.
دوڭغاق سۆگەت شاخلىرىدا ئويناپ - كۈلۈپ،
گۈللەر تېرىپ سەيلە قىلغان بېغىمىزنى.

ياڭراق ئىدى ئۈنىڭ ئەجەب شۇ چاغلاردا.
ناخشاڭ بىلەن سېھىرلىنىپ ياشىغانىتىم.
«خۇش» دېيىشكە تىلىم كەلمەي ئايرىلغاندا،
ئالدىڭدىلا كۆزلىرىمنى ياشلىغانىتىم...

بولدى ئەمدى،
ئۆتكەن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.
ھاياتلىقتىك - ئامانلىقتىك ماڭا ئەۋزەل.
شېئىر يازدىم خەت ئورنىدا قوبۇل كۆرگىن،
يادلاپ سېنى چىن قەلبىمدىن سۆيگەن گۈزەل.

مۇھەببەتنىڭ تىلى بولماس كۆز تۇرۇپ

كۆزلىرىڭدىن چىققان نۇرمۇ، ئاتەشمۇ؟
بىر قاراپلا سېھىرلىنىپ قالىمەن.
تارالغاندا ئوت يالقۇنى تېنىمگە،
ياشلىقىمنى دەرھال ئەسكە ئالىمەن.

نېمە ھاجەت ئەمدى ئەسلەش ياشلىقنى،
ھەسرەت بىلەن ئۆز يولۇمغا ماڭىمەن.
يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان كۆزۈڭدىن
ئېيتقىن جانان قاراپ نېمە تاپىمەن؟

«مەيلى» دەيدۇ كۆڭلۇم يەنە تەن بەرمەي،
ئىزلە ئىلھام، گۈزەللىكنى ئۈنىڭدىن.

مۇھەببەتنىڭ تىلى بولماس كۆز تىزىپ،
سەنمۇ ئېيتقىن ئۆز ئىشقىڭنى كۆزۈڭدىن.

دېمەك، ياشلىق كەتكەندىمۇ خوشلىشىپ،
ئۈچمەيدىكەن سۆيگۈ ئوتى يۈرەكتىن.
كىرپىكلىرىڭ يار ئوقىدەك سانجىلىپ،
تاپتىڭ بۈگۈن بىر بالانى يۆلەكتىن.

كۆزلىرىڭدىن چىققان نۇرمۇ، ئاتەشمۇ؟
نېچۈن سېنى كۆرسەم قېتىپ قالىمەن؟
كېچە جانان شېئىر بىلەن دېۋادىم،
گۇناھ بولسا، ئۆز بويىنۇمغا ئالىمەن.

## ئالداپ يۈرمە يۈرىكىم

ياشاپ كەلدىم كۆپتىن بېرى ئۈمىددە،
شېرىن سۆيگۈ ئارزۇسىدا، چۇلغىنىپ.
قانچە تۈنلەر ئۆتتى ۋىسال ئىشقىدا،
كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇچە تولغىنىپ.

دېدى شۇ چاغ بىر خىيالىم توساتتىن:
يارمۇ سېنىڭ كۆيگىنىڭنى بىلەمدۇ؟
ياكى سەن يوق، يار كۆڭلىدە زەررىچە،
ئۆز بېغىدا ئويناپ كۈلۈپ يۈرەمدۇ؟

خىيالىمغا بولدى ھەمراھ ئەندىشە،
دېدىم يەنە: ئالداپ يۈرمە يۈرىكىم.
سەنلا سۆيۈپ، يارنىڭ دىلى سۆيمىسە،
يوقتۇر سېنىڭ بۇ جاھاندا كۈلمىكىڭ.

## بۇ سوئالغا كىمدىن جاۋاب ئالىمەن؟

ئوتلۇق كۆزۈڭدىن
ئايدەك يۈزۈڭدىن
غۇنچە لېۋىڭدىن
ھەر بېقىشتا سانسىز ئىلھام ئالىمەن.
ئىلھام ئەمەس،
ئىنئام ئەمەس،
(سېنىڭ سېھىرلىك قارىشىڭ بىلەن)
كىرىپ ئۆيگە بىر ھەسرەتكە قالىمەن.
قانداق قىلاي
بۇ بالاغا
ئاھ، ئۇرايمۇ؟
خەت يازايمۇ؟
(ياق، ياق قېرىغان چاغدا)
ئىلاجىم يوق، قولغا قەلەم ئالىمەن.
يۈرەكتىكى سۆزلىرىمنى
ھاياجاندا
(ھەسرەت بىلەن)

شېئر قىلىپ يازدىم

بىراق
يازغىنىم - شېئىر
ھەممىگە ئورتاق،
ئۇنىڭغا ئىسمىڭنى يېزىپ بولماس.
مۇشۇ ئوي
مۇشۇ دەردتە خىيال سۈرۈپ قالىمەن.
قانداق قىلاي،
نېمە چارە؟
ئېيتچۇ ئۆزۈڭ ئەي جانان!
بۇ سوئالغا
بۇ بالاغا
كىمدىن جاۋاب ئالىمەن؟

## قايتىپ كەلدى ياشلىقىم

ياشلىق ئۆتەر گويا چاقماق چاقـقاندەك،
لېكىن ئىنسان ئۆلمەس يەنە ئەجەلسىز.
تەنگە ھايات بەخش ئېتىپ يۈرىكى،
سوقـۇپ تۇرار كوكرىكىدە تىنىمسىز،

شۇ يۈرەكتە - ئاشۇ تەندە ھۆكۈمران.
ياشلىق ئاڭا بېرىپ كەتكەن مۇھەببەت،

مۇھەببەتتىن ياشنار يۈرەك، قېرىماي،
ئۆلسە ئىنسان ئۆلەر ئاندىن ئۇ پەقەت،

مەنمۇ ئادەم، ئەستە تۇتقىن نىگارىم،
يۈرىكىدە مۇھەببىتى ئۆلمىگەن،
تۆكۈلسىمۇ ياشلىق گۈلى ۋاقتىسىز،
كۆڭۈل بېغى سۆيگۈ بىلەن كۆلمىگەن.

بىزگۈن ساڭا ئېيتسام ئېچىپ سىرىمنى،
ئىشقىڭ بىلەن قايتىپ كەلدى ياشلىقىم،
كېلىپ تۇرغىن سۆيمىسەڭمۇ قېشىمغا،
يوقتۇر ئەمدى سەندىن ئۆزگە شادلىقىم،

**يۈرىكىمنى ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتىڭ**

ئىلھام كۈتۈپ ئۆزخانەمدە ئولتۇرغاندا،
ئىشىك چېكىپ قولۇڭدا گۈل كىرىپ كەلدىڭ،
گۈلنى سۇنۇپ بىر چىرايلىق نازىك بىلەن،
ئىلھامىنىمۇ ئۆزۈڭ بىلەن ئېلىپ كەلدىڭ.

بىراق مېنى ئايىدىڭمۇ، يا ئۆزۈڭنى؟
مىنۇت ئۆتمەي ئالدىراپلا چىقىپ كەتتىڭ،
چىقىپ كەتتىڭ، لېكىن بەرگەن شۇ گۈلۈڭگە،
يۈرىكىمنى ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتىڭ،

## كۆزلۈك شېئىر دۇنياسى

كۆزلىرىڭ مەن ئۈچۈن قۇياش دۇنياسى،
نۇردىنلا باشقىسى كۆرۈنمەيدىغان،
كۆزلىرىڭ يالقۇنلۇق لاۋا دۇنياسى،
كۆيسىمۇ كۆيگىنى سېزىلمەيدىغان،

كۆزلىرىڭ مەن ئۈچۈن بەخت دۇنياسى،
نە ئۆلۈم، نە جاپا بىلىنمەيدىغان،
كۆزلىرىڭ تىلسىمات، سېھىر دۇنياسى،
سىرلىرى ئاسانلا يېشىلمەيدىغان.

كۆزلىرىڭ مەن ئۈچۈن گۆھەر دۇنياسى،
بىباھا قەدرى ھېچ كۆرۈنمەيدىغان،
كۆزلىرىڭ مەن ئۈچۈن ئازاب دۇنياسى،
كۆل قىلىپ ئوتىدا ئۆلتۈرمەيدىغان.

كۆزلىرىڭ مەن ئۈچۈن ئىلھام دۇنياسى،
مەنىسى ئوكيانىدەك قۇرىمايدىغان.
كۆزلىرىڭ مەن ئۈچۈن شېئىر دۇنياسى،
بىر كۆرۈپ مىڭ يازسام تۈگىمەيدىغان.

## «تاش يۈرەك» دەپ ئەيىبلىمە نىگارىم

نەپرەت بىلەن مۇھەببەتنى تەڭ بىلسەم،
كۆرۈنمەسكەن بۇ دۇنيادا گۈزەللىك،

مۇھەببەت، دەپ ۋاز كېچىشمۇ نەپرەتتىن،
بولار ئىكەن ئۇنىدىن ئۆتە گۆدەكلىك.

«تاش يۈرەك» دەپ ئەيىبلىمە نىگارىم،
تاش يۈرەكلىك ئىنسان ئەسلا تېپىلماس،
لېكىن شۇ ھەق: بۇ جاھاندا ھاياتلىق —
بىناسىنىڭ ئۇلى تاشسىز قۇرۇلماس.

**مۇھەببەت**

ئېقىپ كىرگەن ۋۇجۇدىمغا مۇھەببەت،
قورساقتىلا ئانام بەرگەن قان بىلەن،
تۇگەر بەلكى ئۇنىڭ ئۆچمەس يالقۇنى،
قان توختىسا، تەندىن چىقار جان بىلەن.

1986 - يىل 4 ئاي — 1987 - يىل 11 - ئاي، قەشقەر.

# سۇدىن چىققان پەرىزات

(باللادا)

**(1)**

كۈز ئاخشىمى ـ نۇر ئاخشىمى، ئايدىڭ كېچە،
كۆكتە ئۈزەر ئون بەش كۈنلۈك پەرىزات ئاي.
تۇرار پەستە سۈكۈت ئىچرە قويۇق ئورمان،
ئاقار ئوقچۇپ ئۇندا بىر جۈپ بۇلاق تىنماي.

بۇلاق سۈيى سۈزۈكلۈكتە گويا ئەينەك،
ئايمۇ توختاپ، ئۆز ھۆسنىگە باقار ئۇزاق.
بۇلاق بېشى چەكسىز گۈزەل گۈل ـ چىمەنلىك،
سۇغا سايە تاشلاپ تۇرار بەرگى قىياق.

ئاشۇ بۇلاق، ئاشۇ سۈزۈك زۇمرەتتەك سۇ،
بۇ ئورماننىڭ ھاياتلىقى ـ ئىپتىخارى.
ئۇندا ئۆسكەن ھەر تۈپ گىيا، ھەر بىر چېچەك،
تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى، يادىكارى.

بىلمەس ھېچكىم بۇ دىيارنىڭ تارىخىنى،
قايسى چاغدا ئېچىلغان بۇ، بۇلاق كۆزى؟
لېكىن ئۇنىڭ گۈل لېۋىدە تۇرار روشەن،
كىشىلەرنىڭ ئۇزاق يىللىق ئاياغ ئىزى.

ئاياغ ئىزى ھاياتلىقتىن بېرەر دېرەك،
بىلىپ بولماس، لېكىن كەلگەن قانداق كىشى؟
باردۇر بەلكى شۇ بۇلاقنىڭ پاك سۈيىدە،
يا بەختتىن، يا ھەسرەتتىن تۆككەن يېشى؟...

(II)

كۆز ئاخشىمى،
نۇر ئاخشىمى. ئاپئاق كېچە،
ئۇزەر كۆكتە بۇگۈن يەنە پەرىزات ئاي.
ئاي ياغدۇسى چاچقۇ بولغان ياپراقلارغا،
ئورمان ئىچى گۈزەللىككە شۇنچىلىك باي.

يېرىم كېچە،
چېكىر يولدىن شۇ بۇلاققا،
كەلدى ئاستا بىر ياش يىگىت قەدەم بېسىپ.
كۆتەمدىكىن بىرسىنى ئۇ، قولىدا گۈل —
ئولتۇراتتى ھەر تەرەپكە تەشنا بېقىپ.

كۈتتى يىگىت شۇ كەلگەنچە خېلى ئۇزاق،
مىنۇت ئەمەس، سائەتلەرمۇ ئۆتتۈپ كەتتى.

كۆزلىرىدە يانغان سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى،
يۇلتۇز كەبى ئاستا - ئاستا ئۇچۇپ كەتتى.

پىچىرلاشسا گۈل - گىيالار شامال بىلەن،
شىلدىرلىشىپ ئېقىشاتتى بۇلاق سۈيى.
ئاڭلىناتتى كۆك ئاسماندىن شۇنچە لەرزان،
تۈندە ئۇچقان تورنىلارنىڭ مۇڭلۇق كۈيى.

كۈتۈشلەردىن يىگىت دىلى بولدىمۇ لال،
چۆمدى بىردىن سېھىرلىك خىيال دەرياسىغا.
شۈبھىلەندى ئۆز كۆڭلىدە، ئۆز ياردىن،
ئىشەنگۈسى كەلمەي سۆيگۈ - ۋاپاسىغا.

ئويلىدى ئۇ، ئۆز ئىچىدە گۇمان بىلەن:
نېمىشقا ئۇ، ئۆز لەۋزىدە تۇرمايدىكىن؟
بولسا كۆڭلى پاكى مەندىن باشقىدا،
كۆرۈشكەندە نېچۈن ئوچۇق ئېيتمايدىكىن؟

كۈتتۈم قانچە تۈنلەر بىدا ۋىسال ئىزلەپ،
لېكىن مېنى ئالدىغانمۇ، كەلمىدى ئۇ.
سالار ئوتقا سىلىپ قويۇق، ئۆزى باشتا،
ئالقۇنىدا كۆيگىنىمنى سەزمىدى ئۇ

بولدى كەچتىم، بۇ ۋاپاسىز ياردىن بۈگۈن،
قۇرۇق ۋەدە، ساداقىتى قۇرۇپ كەتسۇن.

بىۋاپالما تىزىپ كەلگەن گۈلدەستەمۇ،
شۇ بۇلاقنىڭ پاك سۈيىدە ئېقىپ كەتسۇن؛

III

يىگىت دىلى كۆندەشلىكتە بولۇپ پارە.
تۈيماي قالدى گۈلنى سۇغا ئاتقىنىنى.
(نەدىن بىلسۇن ئاشۇ تاپتا نىگارىنىڭ
ئىشىك ئېتىك. ئۆيدە يىغلاپ ياتقىنىنى)؟

سۇغا چۈشكەن گۈلدەستىدىن بۇلاق يۈزى،
مۇڭغا تولدى دولقۇن ياساپ چەمبەرسىمان.
لېكىن سۇدا كۈلۈپ تۇرغان ئاي شولىسى،
ئۈنسىز يىغلاپ تەۋرەپ - تەۋرەپ بولدى پىنھان،

ھەسرەت بىلەن گۈلگە قاراپ يىگىت بىر پەس،
نېمىشقىدۇر كەتمەي يەنە تۇرۇپ قالدى.
تىترەپ تۇرغان سۈبھۇزدىن ئەنە شۇ چاغ،
ئاينى ئەمەس، بىر پەرىنى كۆرۈپ قالدى.

«ئوڭۇمۇ بۇ ياكى چۈشۈم؟» دېدى يىگىت،
بىرۋاخىچە ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي.
«پەرىزاتمۇ، ياكى ئىنسان بۇ كۆرگىنىم»
قالدى ھەيران ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي

پەرى دېسە، پەرىدىنمۇ چەندان گۈزەل،
ئۇ چىقاتتى ئاستا ئۈزۈپ سۇ ئىچىدىن.
چېچى سۇمبۇل، لېۋى غۇنچە، كۆزى بۇلاق،
نۇر تاماتتى ئاي مەسەللىك يۈزلىرىدىن.

ئۇ، چىقاتتى شۇنچە لەۋەن، شۇنچە ئوماق،
كىيگەن كىيىم، رومىلىمۇ ئاي نۇرىدىن.
ئەپسۇس! ئۇنىڭ گۈل ۋەسلىگە سايە تاشلاپ،
ھەسرەت بىلەن مۇڭ ياغاتتى كۆزلىرىدىن.

چىقتى سۇدىن، گۈل چىمەندە ئولتۇردى قىز،
كۆرمىگەندەك ياش يىگىتنى چېچىنى تاراپ.
ئولتۇراتتى شۇنچە غەمكىن، شۇنچە مۇڭلۇق،
سۈزۈك ئاسمان، ئورمانلارغا تويماي قاراپ.

دېدى شۇ چاغ ئەس ـ ھوشىنى يىققان يىگىت:
«پەرىمۇ سەن، ياكى ئىنسان ئەي گۈزەل قىز؟!
ئادەم دېسەم، بۇلاق ئىكەن تۇرار جايىڭ،
پەرىزاتمۇ، يا ھۆرمۇ سەن ئېيتقىنا تېز؟!»

يىگىت چوڭقۇر ھاياجاندا تىلى تىترەپ،
ھۆرمەت بىلەن قىزغا شۇنداق سادا قىلدى.
قىزمۇ شۇئان نۇر ياغدۇرۇپ لەۋلىرىدىن،
كۈتكەن تەلەپ، ئارزۇسىنى بىجا قىلدى.

ئېيتتى كۈلۈپ پېشكەندە قىز چىرايلىق:
— مەنمۇ ئادەم ئەۋلادىمەن بىلىپ قالغىن.
تەقى تۇرقىم ئوخشايدىغۇ ئۆز يارىڭغا،
ئىشەنمىسەڭ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باققىن.

مەندىمۇ بار زالىمغا خاس نومۇس ۋىجدان،
ئۆز يارىڭغا ساڭا ئوخشاش پاك مۇھەببەت.
مۇھەببەتتىن تاپار ئىنسان ئۆز بەختىنى،
قوشۇلغاندا ئاڭا ۋاپا، چىن ساداقەت.

يۈز يىل بۇرۇن مەنمۇ سەبى بىر قىز ئىدىم،
چوكانلارنىڭ قاتارىغا قېتىلمىغان.
ھۆسن - جامال، لاتاپەتتە تەڭدىشى يوق،
ئۇن گۈلدىن تېخى بىرسى ئېچىلمىغان.

بىراق قىسمەت، ياش گۈلۈمنى قىلدى خازاڭ،
ئېچىلدۇرماي، ئۇن سەككىزگە كىرگىنىمدە —
سۆيگۈ نېمە، ۋاپا نېمە ئەمدى بىلىپ،
ساڭا ئوخشاش بىر يىگىتنى سۆيگىنىمدە.

ئۆز چىرايىم، ئۆز بەختىمگە بولدى دۈشمەن،
بۇ دىياردا بىر زالىمنىڭ كۆزى چۈشۈپ.
يانمىدى ئۇ، ئۆز نەپسىدىن، خۇي - پەيلىدىن،
يالۇۋۇرسىمۇ ئاتا - ئانام يېشىن تۆكۈپ.

شور پېشانە يىگىتىمىز ساڭا ئوخشاش،
پەرۋانىدەك ماڭا دىلىدىن كۆيگەن ئىدى.
ئۆزى يېتىم، قولى قىسقا بولسىمۇ، پاك —
ئىشقىم بىلەن ھايات ياشاپ يۈرگەن ئىدى.

كەلدى بىر كۈن بېشىمىزغا تەڭ پالاكەت:
ئاشۇ زالىم مېنى ئۆيىدىن تۇتۇپ كەتتى.
(ئۆيدە قالغان ئانام بىلەن ئاتام يىغلاپ،
دەرد - ئەلەمدە كۆپ ئۆتمەستىن ئۆلۈپ كەتتى.)

شۇ ئاخشىمى، ئەل ياتقۇدا يىگىت بىردىن،
بۇ زالىمنىڭ ھويلىسىدا بولدى پەيدا.
چىقتى شۇئان يالاقچىلار ھەر تامادىن،
شۇ ئىش بىلەن باشلاندى تەڭ قانلىق غەۋغا.

ئېلىشتى ئۇ، شىردەك جەسۇر، جەڭگە كىرىپ،
بەرگەن قەسەم، ۋەدىسىنى قىلدى ئادا.
يەر چىشلىتىپ، ئىككىسىنى ئاي پالتىدا،
ئاھ! ئۆزىمۇ بولدى ئاخىر جاندىن جۇدا.

تەتۈر پەلەك بىزنى شۇنداق قىلدى خاراب،
شۇندىن بېرى ياشاش ماڭا ئۆلۈم بولدى.
بىپايان كەڭ، سۈيى ئەلۋەك بۇ دىيارىم،
ئۆلمەي تۇرۇپ كىرىپ ياتقان گۆرۈم بولدى.

ھايات ياشاپ خورلانغۇچە، — دېدىم بىر كۈن —
مەنىۇ ئۆزىمنىڭ قەبرىسىگە كىرىپ كېتەي.
ھاياتلىقتا يېتەلمىگەن جانانىمنىڭ،
ئارزۇ - ئارمان، ۋىسالىنى ئەمدى يېتەي»

ئاشۇ خىيال، ئاشۇ ئارمان بىر ئاخشىمى،
ئېلىپ كەلدى بۇ بۇلاققا مېنى باشلاپ.
بۇلۇت - يېرىپ چىققى شۇ چاغ ئايمۇ غەمكىن،
يۇلتۇزلارنى ھەمراھ قىلىپ، كۆكتە پارلاپ.

سۇ يۈزىدە بالقىغاندا ئاي شولىسى،
كۆرۈنگەندەك بولدى گويا يارىنىڭ يۈزى.
چاقنىغاندا جىمىرلىشىپ سانسىز يۇلتۇز،
تىكىلگەندەك بولدى ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزى.

ۋىدالاشتىم، ئاشۇ سائەت بۇ دىياردىن،
بىرلا شوڭغۇپ سۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم.
ھاياتىمدا يېتەلمىگەن ئارزۇيىمغا.
سۇ ئىچىدە ئۆلگەندىلا ئاندىن يەتتىم.

شۇندىن بېرى روھىم مېنىڭ بۇ بۇلاقتا،
ياشاپ كەلدى كېچە - كۈندۈز يارىم بىلەن.
مۇھەببىتىم، ئەقىدەمدىن كەچمىدىم ھېچ،
ساقلاپ ئۆزنى ۋىجدان، نومۇس - ئارىم بىلەن.

كېچىلەرى چىقسا كۆكتە پەرىزات ئاي،
ئاي يۈزىدىن گۈل چېھرىڭنى كۆرۈپ يەتتىم.
بولدى يۈز يىل مەن كۈتكىنى ئۈنى ساقلاپ،
سادا قەتتىن ئۆزگە ھىسنى تەرك ئەتتىم.

«بەخت بېرەر ياكى ئەجەل چىن مۇھەببەت»،
مۇھەببەتكە ۋىجدان بىلەن ۋاپا كېرەك.
يەتمەك ئۈچۈن ئۆز يارىنىڭ ۋىسالىغا،
پەرھاد كەبى سەۋرى ـ تاقەت، چىدام كېرەك ...

قىزنىڭ سۆزى مۇشۇ يەردە ئاياغلىشىپ،
ئايغا قاراپ خېلى بىر پەس جىمىپ كەتتى.
يىگىت ئاڭا سۆز قاتقۇچە ھاياجاندا،
بىرلا شۇڭغۇپ سۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

IV

قالدى يىگىت، يالغۇز يەنە شۇ ئورۇندا،
بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلارغا ئىشىنەلمەي.
ئەسكە ئالدى ئۆز يارىنى خىجىللىقتا،
سۇغا ئاتلان گۈلدەستىدىن كۆز ئۈزەلمەي.

كۈتمىگەندە يار ۋىسالى بولدى ئايان،
ئۆزى تىزغان گۈلدەستىدە يىغلاپ بېردىن.
دېدى ئۇمۇ پەرىزاتتەك تىلغا كىرىپ:
كۈتكەنىمىدىم شۇ «ۋاپا»نى يىگىت سەندىن؟

كۆڭلىمنىڭ راست، مېنى تەشنا قانچە تۈنلەر،
مەنمۇ سېنى مىنۇت ئەستىن چىقارمىدىم.
يىراق ئۆيدە قامال قىلدى ئۆزگەي ئانام،
شۇ سەۋەبتىن مەن ئالدىڭغا چىقالمىدىم.

ھىجران ئەمەس. ئاشىق ئۈچۈن ۋىسال كېرەك،
ۋىسال گۈلى ئېچىلمايدۇ ئارمان بىلەن.
يۈرەك دېگەن كۆيۈپ - ئۆچەر، كۈلخان ئەمەس،
پاك مۇھەببەت سىنالغۇسى ھىجران بىلەن.

سۆيسەڭ مېنى چىن دىلىڭدىن ۋاپادارىم،
قولۇڭنى سۇن، قۇتقاز مېنى بۇ دوزاختىن.
سۇزۇۋالسۇن ماڭا ئاتاپ تىزىپ كەلگەن -
گۈلدەستەڭنى نابۇت قىلماي ئاي بولاقتىن.

يار سىماسى چۇشتەك يەنە يوقالدى تېز،
پۇچۇلاندى يىگىت قەلبى ھاياجاندا.
تۇرۇپ قالدى خېلى ئۇزاق ئايغا قاراپ،
(ياش قۇيۇلۇپ كۆزلىرىدىن پۇشايماندا.)

ئاي قەسىرىگە كىرىپ كەتتى ھايال ئۆتمەي،
چولپان يورۇپ يۇلتۇزلارغا بولدى سۇلتان.
لەيلەپ تۇرغان بولاقتىكى گۈلنى سۇزۇپ،
يىگىتمۇ ھەم ئۆز يولىغا بولدى راۋان.

كەتتى يىگىت، ئورمان ئارا، قولىدا گۈل،
بارار نەگە؟ لېكىن ئۇنى بىلىپ بولماس.
بەلكى ئەتە كەلگەن چاغدا جۈپتى بىلەن،
بۆگۈنكىدەك ھەسرەت چېكىپ كېتىپ قالماس.

1986 - 1987 - يىللار، قەشقەر.



# ناخشا تېكستلىرى

## خۇشتار مەن جامالىڭغا

قەشقەرنىڭ قىزى دەيمۇ؟
پەرىزاتنىڭ ئۆزى دەيمۇ؟
دېسەم گۈلشەن دىيارىڭنى،
سېنى رەيھان گۈلى دەيمۇ.

ئوخشاتسام پەرىزاتقا،
ئاڭا لايىق جامالىڭ بار،
ئوخشاتسام سېنى گۈلگە،
ئاڭا لايىق باھارىڭ بار.

باھارىڭ بار، ناھارىڭ بار،
ۋەتەن ئاتلىق نىگارىڭ بار.
ئۈنى گۈللەش ئۈچۈن دىلدا،
ئۇلۇغ ئارزۇ، قارارىڭ بار.

شەيدا مەن جامالىڭغا،
خۇشتار مەن نىشانىڭغا.

ئۆرلە، كۆكتە پەرۋاز قىل،
گۈزەل ئازاد زامانىڭ بار.

1985 - يىل، 2 - ئاي.

## ھاياتىم يوق نىگارىسىز

(ناخشا تېكستى)

كەلدى ئېسىل ئالتۇن باھارىم،
باغلار چىمەن گۈل بولدى.
قۇچتى زەپەر ئانا دىيارىم،
ۋەسلى كۆڭلۈپ نۇر بولدى.

ئىلىم - پەندۇر سۆيگەن نىگارىم،
نىگارىسىز ھايات يوق.
ئىجاد - مېھنەت ئارزۇ - خۇمارىم،
ئىجادىمسىز قانات يوق.

ئۆز قولۇمدا ياشنار ماكانىم،
باغۋەن ئۆزۈم، قولۇم گۈل.
قان تەرىمدىن خۇش بۇي رەيھانىم،
باسقان ئىزىم - يولۇم گۈل.

1985 - يىل، 3 - ئاي.

## دەۋرىم گۈزەل ـ ئەل گۈزەل

(ناخشا تېكىستى)

دەۋرىم گۈزەل ـ ئەل گۈزەل،
ئەل ـ يۇرت بىلەن ئەر گۈزەل.
ئەجدى بىلەن ئىنساننىڭ،
تەندىن ئاققان تەر گۈزەل.

گۈل ئېچىلماس رەڭمۇ رەڭ.
باغدا باغۋەن بولمىسا،
يەتمەس بۇلبۇل مۇرادقا،
گۈل شېخىغا قونمىسا.

ئاشۇ باغنىڭ باغۋىنى.
ئىجادكارى ـ خەلقىمىز.
نۇرلۇق ۋەتەن باھارى،
بىزنىڭ مەڭگۈ بەختىمىز.

قايتۇرما:
دەۋرىم گۈزەل ـ ئەل گۈزەل.
ئەل يۇرت بىلەن مەن گۈزەل.

1985 ـ يىل، 4 ـ ئاي.

## تارىمغا مەدھىيە

ئۇلۇغ زاتىمنى ياد ئەيلەپ،
ئاتا دەيمۇ سىنى تارىم.
بويۇڭدا يەلپۈنەر بوستان،
ئانا دەيمۇ سىنى تارىم.

ئاتا دەرگە تىلىم ھەقلىق،
غۇرۇرۇم، بەختى كانىمسەن.
ماڭا ئابى ھايات بەرگەن،
ئانامدەك مېھرىبانىمسەن.

تولۇپ ئاقتىڭ بۇگۈن ھەيۋەت،
كۆئىنلۇڭدىن چېچىپ ئۈنچە.
ئېچىلدى كەڭ دىيارىمدا،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچىپ غۇنچە.

ئەقراس، ئاتا دەيمۇ سىنى تارىم،
ئانا دەيمۇ سىنى تارىم.

1985 - يىل، 5 - ئاي.

## ئۆرۈك

ئەڭ باھار يۇرتۇمغا گۈل،
شاختا چېچەك ئاچقان ئۆرۈك.

يازلىقى ئالتۇن گويا،
ساپسېرىق پىشقان ئۆرۈك.

بۇ ئۆرۈك خىسلەتكە باي،
دەيدۇ ئەل: شاخ مانتىدسى.
بولغۇسى تەڭگە شىپا،
شېرىن شېكەر ھەر دانىسى.

قەشقىرىم كانى ئۈنىڭ،
بەشكېرەم گۈلتاجىسى.
باغۋىنىم ئۇيغۇر يىگىت،
ئۇ ئۆرۈك پەرۋانىسى.

1985 - يىل، 5 - ماي.

## گۈل دەيمەن گۈلۈم دەيمەن

باھارى بولمىسا ئەلنىڭ،
گۈلى رەنا چىمەن نەدە؟
چىمەنسىز دەشت ـ باياۋانى.
دىلى سۆيگەن لەۋەن نەدە؟

باھارىم بار، بەختلىكمەن،
يېڭى دەۋران قۇچاق ئاچقان.
نىگارىم بار ۋەتەن ئاتلىق،
بېغى ئەنبەر پۇراق چاچقان.

ئاشۇ باغنى سۆيۈپ دىلىدىن،
ئاكا باغۋەن ئۆزۈم، دەيمەن.
ئېچىلغان غۇنچىسى – گۈلى،
تۆكۈلگەن قان – تەرىم دەيمەن.

گۈلۈم كىمگە كېرەك بولسا،
قېنى تاللاپ ئۆزۈك دەيمەن.
خۇماردىن چىققۇچە باغدا،
خۇشال ئويناپ كۈلۈك دەيمەن.

گۈل دەيمەن، گۈلۈم دەيمەن،
گۈلدىن گەل گۈزەل دەيمەن.

1985 – يىل، 5 – ئاي.

### ئارزۇيىم كۈلەر ياشناپ

ۋەتىنىم – گۈزەل يۇرتۇم،
خۇشتارمەن باھارىڭغا.
سەن گۈلشەن ئۆزۈم بۇلبۇل،
شەيدامەن جامالىڭغا.

گەل بەختى – مېنىڭ بەختىم،
بەختىم يوق باھارىڭسىز.

ئارزۇيەم چېچەك ئاتماس،
بۇ ئالتۇن زامانىڭىسىز.

ئارزۇيەم كۆلەر ياشناپ،
تەر تۆكسەم دىيارىڭغا.
يەتكۈزگەي مۇشۇ ئىخلاس،
مېنى چىن نىشانىمغا.

1985 - يىل، 5 - ئاي.

## ئايدىن خىجىل قىز بالا

بۇلۇت يېرىپ چىقتى ئاي،
چۆمدى نۇرغا تاغ ـ دالا،
باقتى كۆككە ناز بىلەن،
پىچىرلىشىپ گۈل ـ گىيا.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرار،
يىگىت بىلەن قىز بالا.

دېدى ئايغا قىزدىلگۈل:
بىردەم تۇرۇپ چىقساڭچۇ؟
قاراپ تۇرماي بېشىمدا،
ياندا پئۆتۈپ كەتسەڭچۇ؟

«ماقۇل» دېدى تولۇنئاي،
مۆكتى بولۇت قوينىغا،

قىز يىگىتنى گۈل شىخى،
ئالدى يەنە دالدىغا،

شىلدىرلىدى گۈل شىخى
ئوت يۈرەكلەر تېپىشتى،
ئاينى ئەمەس، چولپاننى،
كۆرۈپ ئاندىن يېنىشتى.

بۇلۇت يېرىدىپ چىقتى ئاي،
چۆمدى نۇرغا تاغ ـ دالا،
ئايدىن خىجىل ئاخشىمى،
يىگىت بىلەن قىز بالا.

1985 - يىل، 6 - ئاي.

## بەختىيار قىزلار

كەلدى بۈگۈن قەشقەر قىزى يېڭى دەۋرانىڭ،
قۇچاق ئاچتى گۈزەل ئىقبال نۇرلۇق نىشانىغا،
ئاشۇ نىشان بەخش ئەتتى ساڭا كۈچ قۇۋۋەت،
ياندى ئەلگە يۈرىكىڭدە ئوتلۇق مۇھەببەت —
شۇ مۇھەببەت نۇرلۇق مەشئەل ئۈزۈن سەپەردە،
نامىڭ ئايان قۇچقان ھەربىر شانۇ زەپەردە،
ۋەتەن مېھرى ئورۇن ئالغان چوڭقۇر دىلىڭدا،
چاقناپ تۇرار سۆيگۈ ـ ۋاپا قىسقان گۈلۈڭدە،

گۈل ئېچىلماس باغدا باغۋەن ئەجرى بولمىسا،
گۈل ۋىسالى مۇراد تاپماس، بۇلبۇل قونمىسا.
سەن بەختىيار دەۋرىمىزنىڭ باتۇر قىزى سەن،
خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى سۆيگەن گۈلى سەن،
ئىشلە باغنى گۈللەش ئۈچۈن بەختىيار قىزلار،
بۇ ھۆر زامان ساڭا ھەر كۈن ئىنتىزار قىزلار.

1985 - يىل، 6 - ئاي.

## كەلدى قىز كۈتكەن يىگىت

قىش كېتىپ، كەلدى باھار،
بولدى گۈل ئالتۇن دىيار.
گۈلچى قىز، گۈلشەن ئارا،
بولدى يارغا ئىنتىزار.

كەلمىدى يارى ئۈنىڭ،
ئۆتتى ياز ئارمان بىلەن.
قىز چىداپ كۈتتى كۆيۈپ،
ئۆرتىنىپ ھىجران بىلەن.

كەلدى قىز كۈتكەن يىگىت،
جەڭ تۈگەپ، ئوردىن تاقاپ.
چىقتى قىز گۈل ئورنىدا،
ئۆزىنى شۇ يارغا ئاتاپ.

نەقرات:

كەلدى قىز كۈتكەن يىگىت،
بارىنى ئەلگە ئاتاپ،
چىقتى قىز گۈل ئورنىدا،
ئۆزىنى شۇ يارغا ئاتاپ.

1986 - يىل، 11 - ئاي.

## كېلەمسەن يار، كەلمەمسەن؟

سۇبھ يورۇپ ئاتىسا تاڭ،
يار يولۇڭغا قارايمەن،
سەنسىز ئۆتكەن كۈنلەرنى،
كۈندە مىڭ رەت سانايمەن.

مەن يولۇڭغا قارايمەن،
كۈنلىرىمنى سانايمەن
ئېيتقىن ماڭا راستىڭنى،
كېلەمسەن يار، كەلمەمسەن؟

باغقا كىرسەم باغ ئارا،
گۈل ھىدىڭنى پۇرايمەن،
بۇلبۇل قونغان شاخلاردىن،
جامالىڭنى سورايمەن.

گۈل ھىدىڭنى پۈرايمەن،
بۇلبۇللاردىن سورايمەن.
ئېيتقىن ماڭا راستىڭنى،
كېلەمسەن يار، كەلمەمسەن؟

سېغىنغاندا تۈنلەردە،
تولۇن ئايغا قارايمەن.
كۈندۈزلىرى قۇياشتەك،
ئىشقىم بىلەن ياشايمەن.

ۋىجدان بىلەن ياشايمەن،
بارلىقىمنى ئاتايمەن،
ئېيتقىن ماڭا راستىڭنى،
كېلەمسەن يار، كەلمەمسەن؟!

1987 - يىل، 4 - ئاي.

## گۈلغۇ سەن يارىم ئۆزۈڭ

ئايغا باقسام تاڭ سەھەر،
كۆلدى چولپان كۆز قىسىپ.
باغقا باقسام كۈندۈزى،
چىقتى يارىم گۈل قىسىپ.

نەقرات:

چىقتى يارىم گۈل قىسىپ،
مېھرى ئاتەش، نۇر چېچىپ.

گۈلغۇ سەن يارىم ئۆزۈك،
بولدى سەن قىسما ئۈنى،
بەر ماڭا كۆزگە سۈرەي،
دەپ ئۈنى يارىنىڭ گۈلى.

نەقرات:

گۈلغۇ سەن يارىم ئۆزۈك،
مەن ئۈچۈن جاندۇر گۈلۈك.

1987 - يىل، 8 - ئاي

## شائىرغا

شائىرسەن كۆيى ئوتلۇق،
ئۈنىڭدىن ئېرىگەن ئالەم.
شائىرسەن، دىلى نۇرلۇق،
سۆزۈڭدىن ئويغىنار ئادەم.

نەقرات:

شائىرسەن، كۆيى ئوتلۇق،
تىلى ئۆتكۈر، دىلى نۇرلۇق.

دوستى سەن ۋەتەن ئەلنىڭ،
يۈرەك تەشناسىغا كەۋسەر،

رەقىبى سەن رەقىبلەرنىڭ —
قادالغان كۆكسىگە خەنجەر.

نەقرات:

شائىرسەن كۈيى ئۇتلۇق،
تىلى شەربەت، كۆزى نۇرلۇق.

شائىرسەن - ئىجادكارسەن،
ئادالەت تەختىدە سۇلتان،
كۆيۈگىدە كۈيلىنەر دۇنيا،
سىنىگدىن رازىدۇر ئىنسان.

نەقرات: شائىرسەن كۈيى ئوتلۇق،
تىلى ئۆتكۈر، دىلى نۇرلۇق.

## يارغا گۈل تۇتقۇم كېلۇر

تاڭ سەھەر گۈلشەن ئارا،
يار كۈلۈپ چىقتى بۇگۈن.
يارغا يار جۆر بولغىلى،
گۈل تۇتۇپ چىقتى بۇگۈن.

يىگىت:
يارغا گۈل تۇتقۇم كېلۇر،
كۆكسىگە قىسقىم كېلۇر.

قىز:
گۈلنى يارىمدىن ئېلىپ،
كۆڭلىنى ئۇتقۇم كېلۇر.

كەلتى قىش، كەلدى باھار،
ياشنىدى ئالتۇن دىيار.
قىز يىگىت ئەجرى بىلەن،
غۇنچىلار چاچتى ئىپار.

يىگىت:
باغدا گۈل ئۈزگۈم كېلۇر،
دەستە قىپ تۇزگۈم كېلۇر.

قىز:
تۇتسا يار گۈلنى ماڭا،
پەيزىنى سۈرگۈم كېلۇر.

بەختىيار ئۆمرۈم مېنىڭ،
كەلگۈ تاشا دەۋرىم مېنىڭ.
بىر ئۆمۈر بۇ باغ ئارا،
تەر تۆكۈش قەرزىم مېنىڭ.

يىگىت:
ئەلگە گۈل تۇتقۇم كېلۇر،
كۆكسىگە قىسقۇم كېلۇر.

قىز:
بولسا كىم مەردانىدىن
كۆڭلىنى ئۇتقۇم كېلۇر.

1987 - يىل 12 - ئاي.

# رۇبائىي ۋە پارچىلار

ۋەتەننى مېنىڭ ئەلا بىلگەچ ئۆزۈمدىن، 7
كېچەشكە رازىمەن شېرىن جېنىمدىن.
ئېچىلسا بىر تال گۈل ئارمان يوق مەندە،
شۇ ئانا تۇپراققا تامغان قېنىمدىن.

×

كىمىكى دۇنيادىن ئۆتسە ۋەتەنسىز،
ئۆلگەندە تېنىمۇ قالار كېپەنسىز.
مىسالى سەن قىسقان شۇ قىزىل غۇنچە،
ئېچىلغان قەيەردە باغۇ - چىمەنسىز؟

×

تۆرەلسەم جىسمىمغا جان بەردى تۇپراق،
تۇغۇلسام يېپىشكە نان بەردى تۇپراق.
بى ماكان قالمىدىم ئۆلگەندىمۇ ھەم،
قويىندىن بىر كىشىلىك جاي بەردى تۇپراق.

×

ئالتۇندىن بىباھا — «بىرلىك» دېگەن سۆز،
«مەن - مەن» دىن ئەتىۋار ئۆملۈك دېگەن سۆز.
ئۆملۈكتىن - بىرلىكتىن گۈللەيدۇ ھايات،
ھەممىگە كاپالەت - تەڭلىك دېگەن سۆز.

×

نەۋ باهار پەسلىدەك ئۆسمۈر چېغىڭ بار،
ياز پەسلى مىسالى: ياشلىق چېغىڭ بار.
كۆز كېتىپ، قىش كەلسە ئۇنتۇلما، ئى يار،
ھەسرەتتە تۆكۈلەر ئاچچىق يېشىڭ بار.

×

قەپەزدىن شاتۇتى سورىدى سوئال:
«سەن مېنى نېمانچە قىلىسەن قامال؟»
«سەن ئۆزۈڭ كىرگەنغۇ ئىختىيار قىلىپ، —
دېدى ئۇ — مەندە بار ئەمدى نە ئامال؟»

×

ئۆزگىگە مۇشت ئاتقان بىلسەڭ مەرد ئەمەس،
مۇشت يەپ، جىم تۇرغان ئۇمۇ پەس ئەمەس.
ساپ ئالتۇن ئۇچرايدۇ بەزى ئەخلەتتە،
يەردىلا ياتقىنى ھەرگىز خەس ئەمەس.

×

بەختىم شۇ: ئۆمرۈمدە ۋىجدان ساتمىدىم،
يالغاندىن كۆز بوياپ شۆھرەت تاپمىدىم.
تىز پۈكسەم، پۈكتۈمكى خەلقىم ئالدىدا،
نامەردكە يالۋۇرۇپ جاننى باقمىدىم.

×

دىلىم ئاق، يولۇم ئاق، ئەمگەن سۈتۈم ئاق،
راستنى ـ راست، جانى ـ جا، دەيمەن تىلىم ساق.
گۈل ئۈچۈن غۇنچىنى قىل دېسە قۇربان،
مەن دەيمەن بۇ تىلىم كېسىلسىمۇ: «ياق!»

×

تەر تۆكتۈم، قانچىلىك ئۆزۈم بىلمەيمەن.
مىننەت قىلىپ، ئىشىمدىن قاپاق تۈرمەيمەن.
تۆككەن تەر - ئەجرىمدىن بولسا باغ بىنا،
ئۆزۈم گۈل، باشقىلار كۆكتات دېمەيمەن.

×

ئەل، ۋەتەن شادلىقى — مېنىڭ شادلىقىم،
ئۆتتى شۇ ئارزۇدا گۈلدەك ياشلىقىم.
«سەن مېنىڭ، مەن سېنىڭ» دېمىگىن زىنھار،
چۈنكى مەن ئەل ئوغلى، سۈمبۈل چاچلىقىم.

×

مەن ۋەتەن شەيداسى: ئۇنغا ئاشىق مەن،
مەجنۇندەك سۆيگۈمگە مەڭگۈ سادىقمەن.
تۇغسىمۇ تولغاق يەپ، گەرچە ئۆز ئانام،
ئاخىرقى ھېسابتا ئەلگە تالىقمەن.

×

كۈن ئۆتەر، ئاي ئۆتەر، يىللارمۇ ئۆتەر،
ئۆتكەن كۈن ئىزىدىن يېڭى كۈن كېلەر.
گۈل دېسەك ئۆمرۈڭنى، باراقسان ئۆسكەن،
ھەر يىلدا ئۆمرۈڭنىڭ بىر گۈلى كېتەر.

×

ھەزەر قىل، ھەزەرلىك يىلان - چايانىدىن،
يىراق قاچ، بىلەمسىز ئەخمەق نادانىدىن.
نادانىدىن قاچقانغا كەتمەس ئىناۋەت،
سۆز بارغۇ: «قورقىدۇ كەتمەن سامانىدىن»

×

تاغ غۇلاپ سوقۇشسا، ئەگەر ئىككى تاش،
كۆزۈڭدىن بىھۇدە تۆكمە ئىسسىق ياش.
چۈنكى تاش جىسمىدە بولسا ھېسسىيات،
تۆۋەنگە چۈشۈپلا بولمايتتى «ئاداش»

×

بىر پىتنە تارالسا، كىشى ئاغزىدىن،
تەڭ چىقار يىلانمۇ ئۇنىڭ باغرىدىن.
يىلانغا ھەممەپەس بولغاچقا چايان،
ماسلىشار ئۇنىڭغا چىقىپ دالىدىن.

×

كۈن چۈشمەس قۇدۇقتا ياتقان چارپاقا،
دېگەنمىش: «بۇيۇرتقا ئۆزۈم پادىشاھ»
— سۆزۈڭ ھەق، پادىشاھ بولساڭ راستىنلا،
يېمەستىڭ سەن مېنى، — دېگەنمىش پاشا.

×

ھەر مىننىڭ ئاشتى كۆپ، «ئۆسكەن» دىن كېيىن،
ئەل ھوقۇق، كۈچۈڭنى كۆرگەندىن كېيىن.
«رازىدۇر ئىشىمدىن خەلقىم قانچىلىك؟»،
سور ئۇنى، مەنسەپتىن چۈشكەندىن كېيىن.

×

مېنىمۇ ھاياتتا بىغەم يۈرگۈم بار.
تويغۇچە يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلگۈم بار،
بىراق ئەل بەختىدىن، ئۆزگە بەختىم يوق،
شۇ سەۋەب، ئەل ئۈچۈن ئىشلەپ ئۆلگۈم بار.

×

بىر بىلىم ئەھلىنىڭ كۆزنى يۇمغىنى،
كۆكتىن بىر يۇلتۇزنىڭ ئېقىپ چۈشكىنى.
بىر نادان، زالىمنىڭ گۆرگە كىرگىنى،
بېشىدىن ئاپەتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنى.

×

ئەلنىڭ چىن سالامى ــ ئىززەت، ھۆرمىتىڭ،
بۇ سېنىڭ ئىنسانلىق قەدرى ــ قىممىتىڭ.
تېگىشسەڭ ھۆرمەتنى پۇل بىلەن مالغا،
توزۇيدۇ توزغاقتەك قورغان جەننىتىڭ.

×

چايانىڭ چېقىشى ھەركىمگە ئايان،
كۆرۈنمەس ئۇ شۇڭا ئادەمگە ئاسان.
چايانىڭ پەيلى شۇ، دەيلى بىز بىراق —
ئىنساننىڭ ئىنساننى چاققىنى يامان.

×

ياڭتاققا يامىشىپ ئۆسكەن چىرمىگلەك،
ماختاندى: «كۆر دوستۇم مەن قانداق زېرەك!»
ياڭتاقمۇ سۆز قاتتى يولىدا شۇ ئان:
«ئۆستۈڭ راست، مەن ساڭا بولغاچ يان تېرەك»

×

ئۆز ئېلىڭ بېغىدا قىپقىزىل گۈلسەن،
ئۈنىڭدىن ئايرىلساڭ بەختسىز قۇلسەن.
جىسمىڭدىن خەلقىڭگە بەرمىسەڭ ئىسسىق،
كۈن چۈشمەس ھاڭدىكى ئېرىمەس مۇز سەن.

×

گۈل گۈزەل ئېچىلماس يەردىن ئايرىلىپ،
جان ياشاپ تۇرالماس تەندىن ئايرىلىپ،
بېشىڭغا تاج كىيىپ ئۇچساڭمۇ كۆكتە،
تارالماس شۆھرىتىڭ ئەلدىن ئايرىلىپ،

×

ۋەتىنىم — جان دىلدىن سۆيىمەن سېنى،
ئانامدىن مىڭ ئەلا كۆرىمەن سېنى
سەن ئامان، مەن ئامان نەگىلا بارسام،
ھەر ئىشتا قىبلىگاھ قىلىمەن سېنى.

×

چاقماقتەك تېز ئۆتۈپ كەتتىڭ ياشلىقىم.
ۋەسلىڭدىن مەي ئىچتى قەلەم قاشلىقىم،
قېرىلىق يەتكەندە كۆرۈنمەيسەن ھېچ،
ئەمدى سەن نەلەردە «ئارزۇ» ئاتلىقىم.

×

نەۋ باھار پەسلىدەك ئۆسمۈر چېغىڭ بار.
ياز پەسلى گۈللەتكەن ياشلىق چېغىڭ بار.
كۈز كېتىپ قىش كەلسە، ئۇنتۇلما ئى يار،
ھەسرەتتە تۆكۈلگەن ئاچچىق يېشىڭ بار.

×

تۇغۇلدۇم دۇنياغا كۆتۈردۈم ھەم باش،
ئۆتتى تېز ياشلىقىم سەھەرگە ئوخشاش.
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە بوپ قالدى زاۋال،
نەقىلاي كۆزۈمدىن ئاقتى ئەمدى ياش.

×

سۆيگۈگە سادىقلىق — ۋىجدان بەلگۈسى،
مەسىلىكتەك بىردەملىك نامەرد سۆيگۈسى.
نامەردلەر ۋاپانى ئۆلچەر پۇل بىلەن،
ۋىجداندىن سۆز ئاچساڭ كېلەر كۈلكىسى.

×

ح بىر قىشتا يول قويسا، تامچى خاتاغا،
يەتكۈسى چوڭ زىيان جەزمەن بىناغا.
چۈمۈلە ئۇۋىسى كىچىك دېمىگىن،
سەۋەبچى ئۇدائىم تۇپان بالاغا.

×

ئىنساننىڭ بىر گۈلى ئەقىل — پاراسەت،
بىر گۈلى ئىرادە، غەيرەت — جاسارەت.
گۈل شاختىن ئايرىلسا بولىدۇ نىمجان،
نىمجانغا ھەمرادۇر دائىم پالاكەت.

×

شاخ دېدى: سەن گۈزەل نېمە قىسمەتتىن؟
چىققانىمۇ ئەجدادىڭ ياكى جەننەتتىن؟
گۈل دېدى: تەبىئىي رەڭگىم چىرايلىق،
خالىمەن ئەزەلدىن گىرىم — زىننەتتىن.

×

خاماندىن ئاياغقا ئۇچقاندا سامان،
«سەندىكى جان قېنى؟» — سوراپ قالدى دان.
دېدىكى سامانمۇ: «بەرگەنغۇ ساڭا،
بولاتتى مېنىڭدە يەنە قايسى جان:»

×

قىزىلگۈل شېخىغا قونۇپ كېپىنەك.
دېدىكى: نىگارىم يوق سەندىن بۆلەك،
ئېيتتى گۈل: قونسا كىم ماڭا يار ئەمەس،
مەن ئۈچۈن بۇلبۇلدەك ۋاپادار كېرەك.

×

سېخىنىڭ قولى كەڭ، ئۆزى مەرد كېلەر،
ھىممىتى، مېھرىدىن ـ مىسكىن دىل كۈلەر،
ماقال بار ئەزەلدىن: «ئەلدىن ـ ئەلگە نەپ»،
بېخىلنىڭ بېغىدىن قۇشقاچمۇ كېتەر.

×

كونىلار ئۆمۈرنى دېگەن «ئاتقان ئوق،
ئاتقان ئوق ئەزەلدىن قايتىپ كەلگەن يوق.
بىكارغا كەتكۈزمەي دېسەڭ سەن ئۇنى،
دەل چېنە، ھەرتالدا ئىككى پاختەك سوق.

×

ئۆز كۆڭلۈم جىڭىدا ئۆلچەپ ھەممىنى،
«كۆڭلى تۈز، ئاق ئىكەن» دەپتىمەن سېنى.
«مەن» دېگەن ئېغىر كەن سېنىڭ جىڭىڭدا،
«سەن» دېگەن كەم كېلىپ ئۆزدى پەللىنى،

×

تىيانشان لەيلىسى شەيدادۇر كۈنگە،
تارايدۇ خۇش ھىدى كەڭ دالا ـ تۈزگە،
گۈل كۈزىندىن، يەر سۇدىن ئايرىلغان سائەت.
بۇ ھايات بوستانى ئايلىنار چۆلگە.

×

ھەق ئۈچۈن رىيازەت چېكىپ ئۆتكىنىم،
ھاياتىم ـ بەختىمدىن قېنىپ كۈلگىنىم.

تەييارغا ـ ھەييار بوپ سەمرىپ كەتكىنىم،
غەپلەتنىڭ تاغلىرى بېسىپ ئۆلگىنىم.

×

ياخشى سۆز ئېرىتەر مۇز بىلەن تاشنى،
توختىتار كۆزۈڭدىن تامچىغان ياشنى.
يامان سۆز ئىنساننى زەھەردىن ئاچچىق،
بەزى قان چىقارماي ياردۇ باشنى.

×

مەن قارايمەن ساڭا چەكسىز ئېچىنىپ،
سەن يۈرۈپسەن ماڭا رەنجىپ چېچىلىپ.
ئىككىمىزنىڭ خۇي ـ پەيلىدىن تۇغدى كۈن،
مۇ يۈرۈيدۇ باغدا گۈلدەك ئېچىلىپ.

×

دېدى گۈل تۇپراققا: ئەرزىم بار ساڭا،
سەن نېچۈن تىكەننى يارقىلدىڭ ماڭا؟
ئېيتتى يەر: بىلمەيتى قەدرىڭنى سېنىڭ
ئۆزگەنلەر ئازغىنە چەكمىسە جاپا.

×

گۈل تۇتۇپ چىقىپسەن ئالدىمغا رەھمەت،
مەن ئۈچۈن گۈلدىنمۇ سەن ئۆزۈڭ قىممەت.
چۈنكى گۈل توزۇيدۇ بىر مەھەل ئۆتسە،
توزۇماس مەڭگۈگە ۋاپا ـ مۇھەببەت.

×

بەزىلەر: «مەن ـ مەن» دەر، سەن ـ پەن دېمەيلا
ئۆزىنى ماختايدۇ نومۇس قىلمايلا.

پىنسەدەك ئىللىتى چىقسا تىلىڭغا.
ئۆلدو تېنىڭدىن جېنى چىقمايلا.

×

تاماخور كىشىدە بولماس دىيانەت،
كەسىپتۇر ئۇنىڭغا دائىم خۇشامەت.
ئىنساننىڭ گۈلتاجى. پۈتمەس بايلىقى،
غورۇرنى مەي قىلغان سەۋرى – قانائەت.

×

مۇھەببەت ئەزەلدىن يۈرەككە تالىق،
ۋەسلىگە يېتىش ھەم شۇنچە جاپالىق.
توزۇيدۇ بى مەزگىل قۇرىغان گۈلدەك،
سەن ئاڭا ۋىجدانەن بولمىساڭ سادىق.

×

ھەزەرقىل، شاختىن – شاخ قونۇپ يۈرگەندىن،
سەن كۈلسەڭ غەم قىلىپ قاپاق تۈرگەندىن.
قاچ نېرى بىر قەترە ئەجىر سىڭدۈرمەي،
ئەلنىڭ قان – يېشىدا گۆھەر سۈزگەندىن.

×

ئىنسانغا چوڭ ئامەت — مەنىۋى بايلىق،
ھەممىدىن چوڭ ئاپەت – روھىي گادايلىق.
بىر زەررە ئەقلىڭنىڭ كۈچى ئالدىدا،
مىڭ تۈمەن ئالتۇننىڭ قىممىتى چاغلىق.

×

قۇرىغان دەرەخنىڭ زىننىتى بولماس،
بولسىمۇ ئانچە زور خىسلىتى بولماس.

«مەن» ئۈچۈن تۇغۇلغان، «مەن» ئۈچۈن ئۆلگەن،
ئادەمنىڭ خەسچىلىك قىممىتى بولماس.

×

بەزىلەر سەمىمىي ئىشلەشكە ئامراق،
كۆڭۈلگە كەلگەننى سۆزلەشكە ئامراق.
بەزىلەر بۇت كەبى تۇرغان بىلەن جىم،
كەلسە پەيت بېشىڭغا دەسسەشكە ئامراق.

×

ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ دات باسماس زەرنى،
لاي - لاتقا كۆمسىمۇ مىڭ قەۋەت يەرنى.
ئېيت، قېنى «ئۆلدى» دەپ قىپتۇ كىم ھۆكۈم،
ئەل ئۈچۈن جان پىدا ئەيلىگەن ئەرنى؟

×

ئىرادەڭ تاغ بولسا، ئىشەنچەڭ قانات،
باش ئەگەر ئالدىڭدا تىلسىم - كائىنات.
تۆككەن تەر، ئەجردىن تىكلەر مۇنار،
نا ئۈمىد كەتمەسسۇن سەندىن بۇ ھايات.

×

تۇغۇلدۇم دۇنياغا ئۆلمەسمەن دەيمەن،
ئۆلسەممۇ ئارماندا كەتمەسمەن دەيمەن.
مۇقەددەس ئەل ئىشى بولسا كەڭ ئاسمان،
كۆكسىدە يۇلتۇزدەك چاقنىسام دەيمەن.

×

ھاياتنىڭ شادلىقى - ئەمەس كۈلۈشتە،
ۋە ياكى ياخشى يەپ، ياخشى كىيىشتە.

ئۆزۈڭنى باغدىكى بىر كۆچەت بىلسەڭ،
ھەممىدىن زور بەخت مېۋە بېرىشتە،

×

تېپىلماس كۆرەشسىز ھاياتنىڭ يولى،
ئېچىلماس مېھنەتسىز بەختنىڭ گۈلى،
شۇ گۈلمۇ ئۆزگىچە چاچماس خۇش پۇراق،
بولمىسا باغۋەننىڭ چېۋەر جۈپ قولى

×

نان تاتلىق، جان تاتلىق، تۇغقان ئەل تاتلىق،
يوق ئۇنسىز دۇنيادا ھەرگىز ھاياتلىق.
ئەلىم — پەن، مەرىپەت ئۇزۇقى دىلنىڭ،
ئۇ بولماي ھاياتتا يوقتۇر چىن شادلىق.

×

ئۆسمۈرلۈك ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل چېغى،
كۆكەرمەس ئۇنىڭسىز ھاياتنىڭ بېغى.
سۇغارساڭ شۇ باغنى مەرىپەت بىلەن،
توسالماس ئالدىڭنى جاپانىڭ تېغى.

×

بېشىمدىن مىڭ بالا — سەۋدالار ئۆتتى،
بەزىدە پىچاقلار سۆڭەككە يەتتى.
ھەممىگە ھەقنى دەپ بەردىم چىداملىق،
ئۆمرۈمگە ئاخىرى خۇشاللىق يەتتى.

×

شېئىر ئۇ، ئىنسانلار قەلبىنىڭ گۈلى،
گۈلگە جان، رەڭ بەرگەن شائىرنىڭ تىلى.

تىل سىلەن دىل ئوخشاش بولمىسا ئەگەر،
كۆي ئەمەس چىقىقىنى ئېغىزنىڭ يېلى.

×

سەن دېدىڭ: «ئېيتقىنا چىن بەخت نەدە؟»
مەن دېدىم: «ئامىتىڭ قوش كەلگەن يەردە»
«ئامىتىم نەدە» دەپ سورىساڭ ناۋادا،
ئېيتىمەن: چېكەڭدىن تامچىغان تەردە»

×

پەي يەڭگىل بولغاچقا ئۇچار ھاۋادا،
تاش ئېغىر بولغاچقا، تۇرار قىيادا.
پەيدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ ئىنسان،
يەڭگىللىك ئىللىتى بولسا ناۋادا.

×

ياشىدىم ئۆمرۈمدە تامادىن يىراق،
ھەر قاچان ئۆزۈمگە قويۇپ بىر سوراق.
چۈشكەنمۇ ئۆيۈڭگە ئۆز ئۆي نۇرى،
سەن مىسال ياقمىساڭ ئاددىي جىن چىراغ.

×

ھەسەتخور ئالدىدا دېمە «پۇلۇم بار»
دېسەڭ دە: «بىر دۆۋە يىققان كۆلۈم بار»
قۇز ئىشىڭ، ئۆز مېلىڭ ئۆزۈڭگە دۈشمەن،
بەزىدە ئۇنىڭدىن كەلگەن ئۆلۈم بار.

×

ئەجدادلار ئىزىدىن داغدام يول قالار،
باغۋەننىڭ ئەجرىدىن خۇش بۇي گۈل قالار،

ھۆرمەتنى پۇل ـ مالغا تېگىشسەڭ ئەگەر،
ئۇرنىدا بىر دۆۋە كۆيگەن كۈل قالار.

×

سالام ئۇ ـ ھەر كىمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى،
ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىق گۈزەل خىسلىتى.
خۇشامەت ئېلكىدە قىلغان تازىمىنىڭ،
تۆكۈلگەن يۇندىچە يوقتۇر قىممىتى.

×

باراڭدىن بەزىدە قاپاق بىنەزەر،
تاشپىلىك بولاماس گاھىدا گۆھەر.
تاش بىلەن گۆھەرنى بىلمىگەن ئىنسان،
بىر كۈنى شېكەر دەپ ئىچىدۇ زەھەر.

×

سېخىينىڭ بەرگىنى ساڭا ئاش بولۇر،
بېخىلنىڭ بەرگىنى تەڭگە تاش بولۇر.
يەۋەرمە تاش بىلەن ئاشنى ئايرىماي
تاش يېسەڭ بىر كۈنى كۆزۈڭ ياش بولۇر.

×

كىمكى مەردانە بولسا چىن ئەردىن،
شۇ ئالار بىباھا گۆھەرنى يەردىن.
مىڭ نەلە ئاقۇزغان تەرنىڭ قىممىتى
باشقىلار بىكارغا بەرگەن مال ـ زەردىن.

×

قىش پەسلى باھارغا ئاچمىسا قۇچاق،
چاچامدۇ بېغىدا گۈللەر خۇش پۇراق.

پەرۋانە ئۆزىنى ئاتمىسا نۇرغا،
كېلەمدۇ ئالدىغا جانسىز جىن چىراغ؟

×

ئىنسانغا قەدىرلىك سۆيگۈ ـ ساداقەت،
دوستلارنى ئالدىماق ئېغىر جىنايەت.
ئاغزىڭدىن چىققان سۆز يۈرەك ئەلچىسى،
ۋەدەڭدە تۇرمىساڭ كېتەر ئىناۋەت.

×

مەن ـ مەنلەر دۇنيادىن ئۆتتى بىر مۇنچە،
ئۆتتى ـــ ئۇ، ساۋاقمۇ بەردى كۆپ شۇنچە.
قاراپباق ياپراقسىز قايسى بىر شاختا،
نەدىمۇ ئېچىلغان قىپقىزىل غۇنچە؟

×

قانۇندۇر ـــ ئىنسانغا تۇغۇلۇپ ئۆسمەك،
ئەجدادلار كەينىدىن ئىز بېسىپ ئۆتمەك.
ھاياتنىڭ قانۇنى ئەمەسكەن بىراق،
جاپاسىز جانانىڭ ۋەسلىگە يەتمەك.

×

«تىلىدىن دىلىنى كۆرىمەن» دېمە،
«ھەممىنى بىر قاراپ بىلىمەن» دېمە.
ئىشەنگەن تېغىڭدىن قاچقاندا كېيىك،
«ئاھ، ئىست! ئەمدى مەن ئۆلىمەن» دېمە.

×

ئاي گۈزەل، كۈن گۈزەل، تۇغقان يەر گۈزەل،
يەرگە جان، قان بەرگەن باتۇر ئەل گۈزەل.

ھايانىڭ قىممىتى كۆرەش ـ مېھنەتتە،
مېھنەتتە تۆكۈلگەن تامچە تەر گۈزەل.

×

ئەل قەلبى ـ رايىدىن گۆھەر سۆزگىنىڭ،
شائىرلىق بابىدا كامال تاپقىنىڭ.
سۆز بىلەن ھەرىكىتىڭ بولمىسا ئوخشاش،
گۆھەرنى تاش بىلەن ئۇرۇپ چاققىنىڭ.

×

ھەر پەسلى باھاردا ياشنار گۈل ـ گىيا،
ياپيېشىل تون كىيەر پۈتكۈل تاغ ـ دالا.
گۈل ئۆسمەس سۇ، ھاۋا بولمىسا يەردە،
ئەجىرسىز تۇپراقمۇ بولماس تۇتىيا.

×

كىم ئەلنىڭ بەختىگە قىلسا يامانلىق،
كۆرمەيدۇ ئۆزىمۇ خۇۋلۇق ـ ئامانلىق.
ياشاشنى ئويلىساڭ دۇنيادا غالىپ،
بىردەملىك راھەتكە بولما قۇربانلىق.

×

«ياشايمەن يېگانە» دېمىگىن زىنھار،
باغۋەنسىز دەشتلەردە بولمايدۇ گۈلزار.
ئايرىسا ناۋادا يىلتىز، شېخىدىن،
بىر مىنۇت تۇپراقتا تۇرالماس چىنار.

×

جاپانىڭ جادۇگەر كۆزىگە كۆيمە،
ۋە ياكى ئاي يەڭلىغ يۈزىگە كۆيمە،

باق ئۇنىڭ پاك مېھرى، ۋىجدان قەلبىدە،
جان ئالار سېھرىلىك سۆزىگە كۆيمە.

×

ئىنساننىڭ ھۆرمىتى ئەمەس تۇماقتا،
ۋە ياكى پومپايغان يوغان قوساقتا.
مىسالى مىڭ دەريا ھۆرمەتنى كۆردۈم
ئەل بۈگۈن سىز ئىچكەن ئاشۇ بۇلاقتا.

×

ئۇنى ياز - بۇنى ياز، ئۆلمەس شېئىرياز،
تەپەككۇر كانىدىن دائىم گۆھەر قاز.
تىلىڭدا بۇلبۇللار بولسۇن مەھلىيا،
سۆزلىرىڭ مەنىلىك بولسۇن قىسقا ساز.

×

تۈنۈگۈن بىر دوستۇم يۈرگەن كۆرەڭلەپ،
ھەممىنى «تەخسىكەش» پالان - پوكۇن دەپ،
بۈگۈنچۇ، سەپسالسام سەمرىپ كېتىپتۇ،
ئۆمۇ شۇ تەخسىدە «ھالال» تاماق يەپ،

×

ھەركىم ئۆز ئۆمرىنى ئوخشىتار گۈلگە،
بەختىنى شۇ گۈلدە چاقنىغان نۇرغا،
ئايانكى گۈل ئۆسمەس بولمىسا تۇپراق،
ھاجەتمەن ئۇ يەنە قانغۇدەك سۇغا.

×

تىل - دىلىڭ ئۇرانە گۈزەل ئەلچىسى،
ئىنساننىڭ ئىنسانلىق مۇھىم بەلگىسى

بەزىلەر شۇ تىلنى قىلار دەپسەندە،
كۆندىلا ئۆزگىرىپ تۇرغاچ ۋەدىسى،

×

بولدى قوي، سۆزلىسە ئۆلۈپ كەتتى ئۇ،
تەھتىگە تۇپراقنىڭ كىرىپ كەتتى ئۇ.
سەن ئۇنى بامان دەپ تىللىغان بىلەن،
ئەل ئۈچۈن ھەممىنى بېرىپ كەتتى ئۇ.

×

ئۇزارتقىن ئۆمرۈڭنى ياشلىق چېغىڭدا،
قەدىرلەپ ۋاقتىڭنى ھەر بىر ئىشىڭدا.
ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ بولسەن نىمجان،
يۇ بولماس كېيىنكى ھەسرەت يېشىڭدا.

×

ئۆسمەيدۇ تۇپراقتا قوغۇن پىلەكسىز،
چۈشمەيدۇ خەمەكمۇ بىر تال چېچەكسىز.
پىلەك بار ئېتىزدا ئۆسكەن خەمەكسىز،
ۋە لېكىن ئىنسان يوق ئارزۇ تىلەكسىز.

×

مەردلىكنىڭ بەلگىسى — خەيرى - ساخاۋەت،
پەسلىكنىڭ بەلگىسى — تاما، خۇشامەت.
نامەردتىن نان تىلەپ ھايات يۈرگۈچە،
يېلىنماي ئاچلىقتىن ئۆلۈش - سائادەت.

×

«ئەتە»نىڭ كەينىدىن كېلىدۇ «ئەتە»
كەلگەندۇ ئۆمرۈڭدە بەلكى مىڭ مەرتە،

ئىشچانغا دەقىقە بىكار ۋاقىت يوق،
ھۇرۇنغا توي بىلەن تۈگىمەس پەتە،

×

نەسلىدىن ئادەتتۇر تۈلكىگە قۇۋلۇق،
ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ كەلمىگەي خۇۋلۇق.
ئازدىمە، بىزدىمۇ مۇنداق تۈلكىلەر،
قوتۇرسا ئىزىدىن ياغىدۇ شۇملۇق.

×

باغ ئىچىدە گۈل يۈزلۈك رەنانى كۆردۈم،
گۈلگە جان، رەڭ بەرگەن دەنانى كۆردۈم.
تۈتتى ئۇ ھۆرمەتتە ماڭا جۈپ غۇنچە،
كۆزىدىن بىر سىرلىق مەنانى كۆردۈم.

×

ھەسەتنىڭ سايىسى چۈشسە ۋىجدانغا،
دىل بېغىنىڭ يۈزلىنەر قىش - زىمىستانغا.
زىمىستان قىش پەسلى كىم ئۈچۈن كېرەك،
پايدا يوق ئۇنىڭدىن قىلچە ئىنسانغا.

×

ھەقىقەت - ئادالەت يولى تېپىلغاق،
مۇشكۈلدۇر بۇ يولدا تاغ - داۋان ئاشماق.
كىم چىدام، غەيرەتنىڭ ئىگىسى بولسا،
كۆرۈنگەي مەنزىلى شۇنچىلىك پارلاق.

×

قونىدۇ ھەر قاچان چىۋىن كەندىگە،
كەندىمۇ شىپادۇر ئۇنىڭ رەنجىگە.

بىزدىمۇ ئۇچرايدۇ چىۋىن مىجەزلەر،
ھەيرانىمەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى، مەيلىگە.

×

تىل بىلەر ئاچچىقنى، تاتلىقنى تېتىپ،
مەست قىلۇر قەلبىمىزنى بال - شېكەر تېمىپ.
بال تامغان شۇ تىلدىن باش كېتەر بەزى،
سۆزلىگىن سۆزۈڭنى ئەتراپقا بېقىپ.

×

تۇغۇلدۇم دۇنياغا خۇشاللىق ئىزدەپ،
ياشىدىم خەلقىمنىڭ بەختىنى كۆزلەپ.
كېتىشكە رازىمەن ئۆلگەن چاغدىمۇ،
ئەل - ۋەتەن بەختى ئۈچۈن ھەقنى - ھەق سۆزلەپ.

×

ھاياتنىڭ قىممىتى، كۈچى - يېڭىدا،
كۆر ئۇنى ھەر يىلى باھار تېگىدا.
تاڭ قىزى گۈللەرگە بەرسە رەڭ، زىيا،
سايرايدۇ خۇش ناۋا بۇلبۇل جېنىدا.

×

«كۈن»دېمەڭ، بىھۇدە ماختاپ مېنى سىز.
رازىمەن: داغ يۈزلۈك بىر ئاي دېسىڭىز.
«گۈل»دېسەم بىر زامان سىزنىمۇ ماختاپ،
«گۈلدىمۇ تىكەن بار» دېگەن ئۆزىڭىز.

×

بەزىلەر ئەلگە جان تىكىپ ياشايدۇ،
ھەق ئۈچۈن بېشىدىن كېچىپ ياشايدۇ.

بار يەنە بەزىلەر پاشىغا ئوخشاش.
ئەلنىڭ قان - تەرىنى ئىچىپ ياشايدۇ.

×

گۆھەردىن ئەتىۋار بىلمەن زەرنى،
چۈنكى مەن كۆرمىدىم تېخى گۆھەرنى.
«زەردىنمۇ ئەلاسى بار» دېسە بىرسى،
بار دەيمەن چېكەمدىن تامچىغان تەرنى.

×

ئاڭلىدىم: كىتابقا ئامراق ئىكەنسىز،
«كۆرەي» دەپ سورىشقا چاقماق ئىكەنسىز.
ئەپسۇسكى بىر ئادەت بار ئىكەن سىزگە،
«ئال»دا - بار، «بەر»دە - يوق قاشاڭ ئىكەنسىز.

×

تۆمۈرنى دات يەيدۇ، ياغاچنى قۇرت،
ئىنساننى دەرد يەيدۇ، ئۆتكەننى ئۇنۇت.
ياماندىن ئىبرەت ئال، خاتادىن ساۋاق،
كۆزۈڭدىن ھەسرەتنىڭ يېشىنى قۇرۇت.

×

غەنىمەت دۇنيادا تىرىك يۈرگىنىم،
نىشانى ھاياتنىڭ ئويناپ - كۈلگىنىم.
ياش بىلەن كۈلكە تەڭ تۇغۇلغان قوشاق،
بەختىمدۇر: شۇ ياشتىن گۆھەر سۈزگىنىم.

×

بېشىڭغا قايسى چاغ كېلىدۇ ئەجەل،
بىلمەيسەن، كېتىسەن بىر كۈن بى مەھەل.

ئۆلمەيدۇ دۇنيادا بىرلا ياخشى نام،
سەن ئاڭا مۇناسىپ قىلغىن ئىش - ئەمەل.

×

مېنى: «پاك ۋىجدانلىق» دېگىنىڭمۇ راست،
بىر مەھەل دوست تۇتۇپ يۈرگىنىڭمۇ راست.
سەن كۈلكەڭ نەپ مەندىن چىقمىغان چاغدا،
كەينىمدىن «پىخسىق» دەپ كۈلگىنىڭمۇ راست.

×

مېھنەت سۆيمىگەننىڭ ھۆرمىتى بولماس،
ھۆرمەتسىز كىشىنىڭ قىممىتى بولماس.
بىلىم كۈچ، بىلىم نۇر، بىلىم زەر - گۆھەر،
بىلىمسىز نادانىڭ ھىممىتى بولماس.

×

تۇغۇلار كۈچ - قۇۋۋەت ئۇلۇغ مەقسەتتىن،
بۇ مەقسەت ھاسىلدۇر، ئىجاد - مېھنەتتىن.
مېھنەتسىز دۇنيانى قىلما تەسەۋۋۇر،
تۆردىلگەن بىرمۇ ھەم ئاشۇ قىسمەتتىن.

×

«چۈمۈلە باتۇر»نىڭ كۈچى - ئۇيۇملۇقتا،
ئۈزۈلمەس ئارقانىڭ سىرى - بىرلىكتە.
دۇنيادا ھېچ نەرسە ئەمەس يېگانە،
بۇ بىرلىك - ئۇيۇملۇقنىڭ ئۈلى - تەڭلىكتە،

×

دېدىڭكىم: تەخسىكەشنى قۇۋۇدۇر تۈلكىدىن،
قورقماس ئۇ، يا ئۇيات ياكى كۈلكىدىن.

مەن دېدىم: ئۇنىڭمۇ تەقدىرى ئوخشاش،
ئەلمىنار تۇلكىدەك بىر كۈن بۇرنىدىن.

×

ئېغىزدا ئات چېپىپ، شە ئالماق ئاسان،
چۈنكى تىل ئۈستىدە يوق دەريا ـ داۋان.
ئېرىقتىن ئۆتەلمەس ئاتلاپ يۈرەكلىك،
بەزىدە شۇ پونى ئاتقان قەھرىمان.

×

دېدىڭسەن: بولدى بەس يازغىنىڭ يېتەر،
شېئىرسىز ياشاپمۇ كۈنلىرىڭ كېتەر.
مەن دېدىم: ئىجادىم ماي بىلەن پىلىك،
ئۇنىڭسىز ئۆمرۈمنىڭ چىرىغى ئۆچەر.

×

ئىشلىدىم ئەل ئۈچۈن كۈچۈم يەتكۈچە،
ئىشلەيمەن ھەم يەنە ئۆمرۈم پۈتكۈچە.
بەختىمنى جاپادىن ئىزدىدىم دائىم،
پۇل ئەمەل بايلىقتىن ئۈمىد كۈتكۈچە.

×

نام ـ ئاتاق، شۆھرەتتىن كەچتىم بولدى بەس،
ئۇ ۋىجدان، خىسلەتنى قىلار ئىكەن مەست.
مەست يۈرۈپ ئەل ـ يۇرتتىن قاغىش ئالغۇچە،
ھەقنى دەپ چەيلەنسەم مەيلى بولۇپ خەس.

×

دوستلۇقنىڭ مەقسىتى ـــ ئەمەس نەپ ئېلىش،
ياكى نەپ تەگمىسە غاجاپ گەپ تېپىش.

شۇنداقمۇ جان دوستلار باركى دۇنيادا،
ئۇلارنىڭ كەسپىدۇر ئالداپ يەپ قېچىش.

×

بۈگۈندىن ۋاز كەچسەڭ «ئەتە»نى ئويلاپ،
«ئەتە»مۇ «ئۆگۈن»نى كېلىدۇ باشلاپ،
يوق تۇرار ئۆتىدىكى بۈگۈن ئەتىنىڭ
ئاقىۋەت «بۈگۈن»نى ئويلايسەن يىغلاپ.

×

گۈل دېدى: قۇياشقا مىڭ رەھمەت ساڭا،
نۇرىڭدىن ئەڭ گۈزەل رەڭ بەردىڭ ماڭا.
ئېيتتىكى قۇياشمۇ: ئۇنتۇما ئەي گۈل،
ساڭا جان، قان بەرگەن تۇپراقنى ئەسلا.

×

بەزىلەر قۇياشنى دېيىشەر قىزىل،
لېكىن ئۇ ياشناتقان باغلار ياپيېشىل.
جاھاندا خىلى كۆپ بولسىمۇ رەڭنىڭ،
مەن ئۈچۈن بىغۇبار سۈتتەك رەڭ ئېسىل.

×

كۆردۈم كۆپ «مەن - مەن» دەپ ياشاپ يۈرگەننى،
ئۆزىنى - ئۆزگىدىن ئەلا بىلگەننى.
كۆرمىدىم قەن بەرسەڭ، ئۇنى ئاچچىق دەپ،
مۇچ بەرسەڭ شادلىنىپ تاتلىق دېگەننى.

×

بەتنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ يۈزى يوقتۇر،
پەسكەشلىكتە - رەزىللىكتە تېگى يوقتۇر.

قىلمىشلىرى بولسا ئايان ئەل ئالدىدا،
ئىككى يۈزى قىزارغۇدەك قېنى يوقتۇر.

×

ئىلىم ـ ھېكمەت دەرياسىغا سالغىن كېمە،
ئۆپۈرۈلمەس يېرىپ دولقۇنلاردا ھاردىم دېمە،
يۈكى ئېغىر، يولى مۈشكۈل بۇ سەپەرنىڭ،
گۈزەل، پارلاق كەلگۈسىدىن ۋايىم يېمە.

×

«تەنقىد ـ داۋا، — دېمە بىر كۈن باشلىقى ماڭا»
سۆزلەپتىمەن ئىككى سائەت تىنماي يەنە.
بۇ دورىمۇ كۆپلەپ يېسە سىڭمەيدىكەن،
ساق بېشىمغا ئەتىسى مەن تاپتىم بالا.

×

تەنقىد قىلدىم بىر دوستۇمنى يۈمۈر يېزىپ،
ئەمەت دېگەن ئىسمىنىلا مەمەت قىلىپ،
كۈلۈپ كەتتى ئەكسىچە ئۇ قىزارماستىن،
ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك لەززەتلىنىپ.

×

ماختانمىغىن، بىلدىم سېنى «شائىر» ئىكەنسەن،
شائىرلارنى جۆندەشكىمۇ ماھىر ئىكەنسەن،
تۇخۇم سېلىپ كاككۇك كەبى غورۇلاي تازغا،
ئۇچۇرما بوپ چىققىنىغا ھازىر ئىكەنسەن.

×

ماختاپ بەرسە، ئاسمان پەلەك ئۇچۇپ كەتتىم،
بىردەمدىلا شانۇ ـ زەپەر قۇچۇپ كەتتىم.

ئۇچقاندىكىن چۈشمەك يەنە قانۇن ئىكەن،
چۈشۈشىمنى بىلمەي لايغا پېتىپ كەتتىم.

×

ئىشنى ئاز، گەپنى كۆپ قىلماق ئاسان،
چۈنكى تىل ئالدىدا يوق دەريا ـ داۋان.
مەيلىڭىز ئېغىزىنىڭ بىرمۇ ئۆز ئىشى،
ۋەلېكىن قىلمىغانغا كۆز يۇمغان يامان.

×

يىلتىز دېدى: ئەي گۈل سېنى كۆرمىدىم،
يەر ئاستىدا چىرىپ ياكى ئۆلمىدىم.
— ئۇنتۇلمىدۇم مەنمۇ سېنى، — دېدى گۈل —
چۈنكى سەنسىز ياشاپ بىر كۈن كۈلمىدۇم.

×

بولسا كىم توز، ئاقكۆڭۈل ھەم ساددىراق،
دەيدىكەن: ئۇ، ئىشقا پەمسىز، چولتىراق،
مەن دېدىم: ھىيلە بىلمەن جان باقۇچە،
ھەقنى دەپ «ئەخمەق» ئاتالغان ياخشىراق.

×

كۆرۈپ زىبا قامىتىڭنى بىر گۈل دېدىم،
ئاڭلاپ شېرىن سۆزلىرىڭنى بۇلبۇل دېدىم.
سەن غىلجىلاپ كەل دېگەندە چىقىپ ھايادىن.
ئۆز كۆڭلۈمگە لەنەت ئوقۇپ «ئۇنتۇل» دېدىم.

×

قىزىلگۈلنىڭ ئازغان بىلەن بىخى بىر،
كۆكلىگەندە تىكەن بىلەن شېخى بىر.

گۈل ئېچىلماس ئايرىلسا شاخ ـ تىكەندىن،
چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىز بەرگەن جېنى بىر.

×

ئەقىدەم: پاك ياشاش، ئۆلۈم ـ كۆز يۇياش،
يوق مەندە ھاياتقا ئۆزگىچە قاراش.
پاكلىقتىن، ناپاكلىق كەلگەندە غالىپ،
تۆكۈلدى كۆزۈمدىن بەزىدە قان ـ ياش.

×

ئادالەتنى سۆزلەش تىلدا ئاسان ئىكەن،
بىراق يولى ئەگرى ـ بۈگرى داۋان ئىكەن.
داۋان ئاشماق بەزىلەرگە نېسىپ بولسا،
بەزىلەرگە چوڭقۇر ھاڭلار ماكان ئىكەن.

×

شەيتان كېلىپ دېدى ماڭا: تىنماي يىغلا!
بۇ ۋاپاسىز دۇنيانى سەن كېرەك قىلما.
ئۈمىد دېدى: كۈلكىگە ياش سىڭىپ كەتكەن،
ئۇنىڭ ئاز ـ پاز جاپاسىنى ـ كۆزگە ئىلما.

×

بى مەزگىل قار سەپەت ئاقاردى چېچىم،
ئەللىككە ئۇلاشماي ساناقتا يېشىم.
ياش بىلەن ئۆلچەنمەپ بولماسكەن تۆھپە،
شۇ سەۋەب تاش كەبى قاتتى بۇ بېشىم.

×

ئالدانىدىڭ ھاياتقا تۇغۇلغان چاغدا،
مەست بولدۇڭ، شاراب قۇيۇلغان چاغدا.

بىلدىڭ سەن ئاخىرى تىلىم - سىھرىنى،
تەنلىرىدىڭ تۇپراققا قويۇلغان چاغدا.

×

تۇغۇلغان دۇنياغا ئانام مەن ئۈچۈن،
مەنمۇ ھەم ياشايمەن بالام سەن ئۈچۈن.
«سەن»دە بار، «مەن»دە بار ئالەمچە سۆيگۈ،
خاس ئەمەس بۇ دۇنيا ھېسسىز تەن ئۈچۈن.

×

تىللىدىڭ كۆپ بەلكى مېنى ۋاپاسىز دەپ،
مەنمۇ سېنى كەچۈرمىدىم ھاياسىز دەپ.
بولسا راستتىن ئىككىمىزدە شۇ پەزىلەت،
ئەلمۇ بىزدىن كۈلمەس ئىدى ساپاسىز، دەپ.

×

دېدى قىرغاق شوخ ئېقىنغا: ئاستىراق ئاق،
توختاپ بىردەم تەنلىرىمگە كۆكسۈڭنى ياق.
دېدى ئېقىن: بىلسەم كۈچۈم - شۇ تېزلىكتە،
خالىساڭ، كەل! دولقۇنىمدىن ئۈنچىلەر تاق.

×

تېزگىنىنى يوق ئاتنى بېرىپ «چاپقىن:» دېدىڭ،
مەنزىل يېقىن، تاغ - داۋانلار ئاشقىن دېدىڭ.
چاپتى ئېتىم، داۋان ئاشماي چۈشتۈم غۇلاپ،
رەھمەت ساڭا، ئەمدى: «ئوبدان ياتقىن» دېدىڭ.

×

بەختىم شۇ: ئەجرىمدىن كەپتۇ ئامىتىم،
دېمەيمەن: يوق ئەمدى ياتقا ھاجىتىم.

دوستلارغا ئېگىلگىدىن بىر ئىزىم مەجنۇن تال،
دۈشمەنگە قارىغايدۇر قەددى ـ قامىتىم.

×

ئېيتتى كىم: ئوغرىنى دېمىگىن ئىنسان،
ئۇ ئالار پۇلۇڭنى تاپسىلا ئىمكان.
مەن دەيمەن ئەكسىچە: پۇل بېرىپ ساڭا.
كەينىدىن جان ئالغان ھېيلىگەر يامان.

×

مەجنۇن تالدىن ھەسرەت بىلەن سورايمەن،
نېچۈن بېشىڭ تۆۋەن؟ — بىلىپ قالاي مەن.
كەلدى شۇ چاغ مەجنۇن تالدىن بىر سادا!
ئانا يەرگە تويماي شۇنداق قارايمەن.

×

مىخ دېدى: تاختايغا بىر كۈن: سەن مېنىڭ ئالدىمدا پەس،
ئېيتتى تاختاي: بولمىسام مەن، سەنمۇ ئەل ئالدىدا خەس.

×

يۈگمەچ ماختاندى قىردا كۆك قومۇشقا: مەن زىرەك،
تىلغا كىردى كۆك قومۇشمۇ: سەن زىرەككە مەن كېرەك.

×

تىل قوپۇپ دەيمىش ھەمىشە: مەن نېچۈن دائىم يامان؟
باش دېگەيمىش: سەنمۇ مەندەك لىڭشىتىن سەرمەي زۇۋان.

×

كۆڭۈل سۇلتانىدىن يۈكسەك، جاھاندا كۆرمىدىم سۇلتان،
شاھانە تەختىگە زىننەت بېرەركەن گۈل كەبى ۋىجدان.
ئاشۇ ۋىجدان قانات بولدى، چىقىشقا ئەرشى ـ ئەلاغا،
غۇرۇرۇم ئالدىدا پەستە بىلىندى يەتتە قات ئاسمان.

×

قىش كېتىپ كەلگەن باھارنىڭ شىنچە راھەت پەيزى بار،
باغرى قان بۇلبۇلغا گۈلنىڭ باغدا چەندان مەيلى بار.
مىڭ جاپالا ئىچرە پەرھات تاغ كېسىپ يۈردى نىچۈن؟
چۈنكى ھەر قازغان تېشىدا مەشۇقىنىڭ ۋەسلى بار.

×

باققا كىردىم گۈلچى قىز، گۈلنى ئۈزۈپ تۇتتى ماڭا،
«گۈلپەردە» گۈلنىڭ ئەمەس، قىزنىڭ ھىدى يەتتى ماڭا.
توختىدى دەل نالىسىدىن باغرى قان بۇلبۇلىمۇ تەڭ،
ئەيلىدى گۈل خوش تەبەسسۇم ئىشىق ئوتى كۆچتى ماڭا.

×

قانچە كۈن، قانچە كېچە ئۆتتى ئۈلى مەن بىلمىدىم،
ئۇيقۇدىن كەچتىم ئىجادىم باغىدىن گۈل ئىزدىدىم.
گۈل ئۈچۈن چەككەن جاپا يەتكۈزدى، جانان ۋەسلىگە،
مەنمۇ بۇ ئىشتا ھېرىدىتەك زەررە پۇشايمان قىلمىدىم.

×

دېدى تۆھمەت: ئىشلىدىم، دەپ ھەممىنى قىلدىڭ خاتا،
دېدى جۈرئەت: ئىشلىمەي راست يوق ئىدى ياتسام گۇناھ.

×

قەدىرلە، ئۆز ھاياتىڭنى، ياشاشنى بىل. كۈرەشنى بىل،
بولى كەلسە غەزەپ - ئەيلەپ مۇھەببەتلىك كۈلۈشنى بىل.
كېزىپ مىڭ يىل جاھان ئىچىدە قەرەلسىز ئۆتكۈچە
خەستەك،
پەقەت بىر كۈن ياشاپ مەزمۇت، كۈلۈپ مەغرۇر ئۆ-
لۈشنى بىل.

×

تۇغۇلدۇق، ئۆلمەكلىك شەكسىز، ياشاشقا ئىنتىزار ئەيلە.
ئۆزى چەكلىك ھاياتىڭدا ئىلىمگە جان نىسار ئەيلە.
چېۋەر باغۋەن قولى بىلەن ئېچىلغان گۈل توزۇپ كەتمەس،
ئىزىم قالسۇن دېسەڭ چۆلنى گۈلىستان لالىزار ئەيلە.

×

جانىڭ كەينىدە راھەت، كۆرەشتىن سەن ئۈمىد ئۈزمە.
ئادالەت كەينىدە تۆھمەت، مۇرەسسەدىن بەخت كۈتمە.
ياشاي غالىپ دېسەڭ ھەر چاغ. نەزەر كۆكسىدە چول-
پان بول،
گويا چاقماق چېقىلغاندەك ۋاقىتسىز يار يورۇپ ئۆچمە.

×

مەن ئۈچۈن جاندىن ئەزىزدۇر، ھەر زامانە «سەن» دېمەك.
نەدىمۇ بولسۇن قەدىرلىك. بىر ئۆنگسىز «مەن» دېمەك.
تەڭدىشى يوق، بىباھادۇر كۆپكە مەنە «ئەل» دېمەك.
تامچىسىدۇر چوڭ دېڭىزنىڭ بىر يىگانە «تەن» دېمەك.

×

ئەل ساڭا بەردى شەرەپنى «مەن ئۆزۈم پالۋان» دېمە،
كۆككە ئۆرلەپ يامىشىپلا «بىرلا مەن چولپان» دېمە.
تىك چوققا يۈكسەك داۋان - تاغ، يارغا ياندا شقان ھامان،
بول پەخەس! موللاق ئېتىشتىن، يىقىلىپ «ۋايجان» دېمە.

×

بىر كۆرۈپ گۈلنى يىراقتىن ئالدىراپ كۆيدۈم، دېمە،
رەڭگىگە شەيدا بولۇپلا ئۆلگۈچە سۆيدۈم دېمە،
گۈل شېخى بولماس تىكەنسىز. سەن ئۇنى قىسماي تۇرۇپ.
سانجىلىپ كەتسە قولۇڭغا، بولدى «مەن تويدۇم» دېمە.

×

مەن دېدىم گۈلگە: «نېمانچە سەن چىرايلىق خۇش پۇراق؟

باغلىدىم مەنمۇ دىلىمدىن ساڭا چەكسىز ئىشتىياق»،

گۈل دېدى: «قانداق ئۆزۈمچە مەن بولاي رەنا، گۈزەل،

باغۋەنىم يېتىلمىگەنىدە بولمىسا سەرۋەت بولاق؟»

×

ئوغلىمەن ئەلنىڭ ھەمىشە شەپقەت ماڭا،

تاغ تېشەر ئالىساقا ئوخشاش خىسلەت ماڭا.

نەكېرەك باشىمغا گۈلتاج ھەم ئېسىل ئالتۇن لىباس،

مىڭ باھارنىڭ ھۆسنىگە تەڭ زىننەت ماڭا.

×

بىر گۈزەل بۇلبۇل تۇرۇپسەن قاغا ئوخشاش سايرىسا،

كەلسە ئالدىڭغا نېمىكى تۇتى قۇشتەك دورىسا.

باشقىلارنى كۆنچە بىلسەڭ، سەن ئۆزۈڭنى ئايچە بىل،

ياختى خىسلەت – ئەنئەنەڭنى گۈلگە ئوخشاش سورىسا.

×

ھەرزامان چەككەن جاپانىڭ راھىتى بار كەينىدە،

مۇكچىيىپ تىككەن كۆچەتنىڭ شەربىتى بار كەينىدە.

بىر كېلۇر ئىنسان ھاياتقا، باشقىدىن كەلمەس يېنىپ،

مەنىسىز ئۆتكەن ھاياتنىڭ ھەسرىتى بار كەينىدە.

×

گۈل ئېچىلغايمۇ چىمەندە، ۋەسلىگە يەتمەي تۇرۇپ،

باغدا باغۋەن قان – تېرىنى ھەر كۈنى تۆكمەي تۇرۇپ،

كى قدياس قىلسام ئۆزۈمنى ئاشۇ بەرنا غۇنچىغا،

خەس بىلەن پەرقىم نېمە، تونىسام ئۆزمەي تۇرۇپ.

×

يولۋسى يوق تاغدا مايمۇن پادىشاھ - ھاكىم بولۇر،
شۇم نىيەت قۇزۇ تۈلكىلەرمۇ دانىشمەن ئاخۇن بولۇر.
قىزىقى شۇكى، جاھاننىڭ جەڭ تۈگەپ قاچقاندا ياۋ،
بەزىلەر ياندىن چىقىپلا قەھرىمان - باتۇر بولۇر.

×

ئىزدىدىم ئاسمان - زېمىندىن بۇ ئىجاد ئىلھامىنى،
قويمىدىم ھەتتاكى كەزمەي نەزمىنىڭ گۈلزارىنى.
«مەن، — دېدى شۇ چاغدا ئىلھام، — ئاي بىلەن گۈل-
دە ئەمەس»
چىقتى راست ئۇ، ئۆز تېرەمدىن كۆرسىتىپ رۇخسارىنى،

×

قېشىڭدا خالىمۇ خىل ئىنسان، جىمىنى بىلمىكىڭمۇ مۇشكۇل،
تونۇپ يەتسەڭمۇ شەكلىنى، خۇيىنى بىلمىكىڭ مۇشكۇل،
سەۋەبكى سەن دېگەن ئىنسان ئەمەستۇر ئۈنچىلىك ساددا
تىلىنىڭ ئاستىدا تىل بار، سىرىنى بىلمىكىڭ مۇشكۇل.

×

ۋاپالىق دوست، دېمە كىمكى كۆزىدە ياش كۆلەر بولسا،
بىرى كولاش، بىر دوراش ئۇڭا سەنئەت - ھۈنەر بولسا.
دىلىدىن بىل، ئىشىدىن بىل ساڭا سادىق ئېسىل دوستنى،
بېشىم كەتتى، دېمە نەسلا ئاڭا جىسمىڭ كېرەك بولسا.

×

مەرد ئەمەس چوڭ سۆزلىسە كىم مەردنى مەيداندا سىنا،
مىس بىلەن ئوخشايدۇ ئالتۇن زەرنى گۈلخاندا سىنا.
كىشنىگەي ئىرچاڭغىز ئاتمىز چۆپ بېرىپ باقساڭ بىكار،
ماختىماي تۇلپارنى ئۆيدە جەڭگە چىققاندا سىنا.

×

كۆپ يازار «ۋىجدان» نى دوستۇم، بۇ ئاڭا دەستەكىمكىن،
يە ئۇنىڭسىز بەزمىلەردە ھۆرمىتى پەسرەكىمكىن؟
كۆرمىدۇم (ئەپسۇس ئىزنى مەن) شۇ ئىسىل ۋىجدان بىلەن،
بۇ ئىبارە ئۆز سۆزىگە رەڭ - گىرىم زىننەتمىكىن؟

×

بوش كۆرۈپ پىستە كوچۇكنى كۆزگە ئىلماي كەپتىمەن،
شۇمىشىپ تۇرسا سوغۇقتا مەن غېمىنى يەپتىمەن.
«نان بېرەي» دەپ قول ئۇزاتتىم، ئۇ كېلىپ سالدى ئىزىز،
چىشلىرى پاتقاندا: «ۋايجان، ئاللا، تووۋا» دەپتىمەن.

×

كۆز ئىچىرنا قىلدى تەنە: ئىككى يۈزلۈك قىلمىغىن،
ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ راست گېپىڭنى سۆزلىگىن.
«ئەلچىلىكەن دىل ئالدىدا، — ئېيتتى ئىبىز ھەسرەت بىلەن، —
مەندىكى بۇ خىل قىلىقنى سەنمۇ مەندىن كۆرمىگىن.»

×

دوستلۇرۇم مىنىمىس قوبۇل بۇ، ئازغىنە سوۋغام ساڭا،
پىشمىغاي تەڭلا ئۇرۇقمۇ بەزى ئۇچرايدۇ غورا.
شۇ غورا ئەستىدە سەنمۇ بىر زامان يۈرگەن چىپىپ،
ئىزلىرىڭدىن ئىنچە باغنىڭ چىتلىرى بولغان شورا.

1982 - 1987 - يىللار، قەشقەر.

# سۈدىن چىققان پەرىزات

(شېئىرلار)

ئاپتورى: تۇرسۇن نىياز

مەسئۇل مۇھەررىرى: مىرزاھىد كېرىمى

مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32، باسما تاۋىقى: 4.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2

1988 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى

1988 - يىل 9 - ئاي 1 بېسىلىشى

تىرازى: 1650 — 1

---

ISBN7—5373—0095—X/I·28

باھاسى: 0.45 يۈەن

水中出来的仙女 （维吾尔文）
（诗集）
作者：图尔孙·尼亚孜
责任编辑：米尔扎依提·克里木
责任校对：阿依夏木·阿不都吾力

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米1/32开本 4·75印张 2插页
1988年5月第1版 1988年9月第1次印刷
印数：1—1650

ISBN7—5373—0095—X/I·28 （民文）
定价：0·45元

收在本集子里的诗作歌颂新的精神面貌、纯真的爱情、献身精神、批评旧风俗、迷信等。

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غەيرەت خالىق

ISBN7 — 5373 — 0095 — X/I·28

باھاسى: 0.45 يۈەن